## II باپ. سۆز بىرىكمىسى

### 1 - §. سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە چۈشەنچە

سۆز بىرىكمىسى تەركىبىي قىسمىنىڭ تۇراقلىق ياكى تۇراقسىزلىقىغا قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى تۇراقلىق، مەنىسىمۇ تۇراقلىق بولىدۇ، يەنى پارچىلاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: چىشىغا تەگمەك، ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك، تاقىتى تاق بولماق، پېشانىسى ئوچۇق، كۆڭلى قارا ۋە باشقىلار.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ئۇزۇن مۇددەت ئىستىمال قىلىنىش جەريانىدا تىلنىڭ بىر خىل تەييار قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار لۇغەتلەرگە تاللىنىدىغان ئوبيېكت بولۇپ لېكسىكولوگىيىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ.

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇ ئالاقە ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ۋاقىتلىق ئەركىن بىرىككەن بىرلىك بولۇپ، قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتىن پارچىلاشقا بولىدۇ. بۇخىل سۆز بىرىكمىسى سىنتاكسىسنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا ئۇ سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سۆز بىرىكمىسى سۆزلەرنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، جۈملىدىن كىچىكرەك سىنتاكسىسلىق بىرلىكتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى بولغان تىل نۇتۇقتا بىر جۈملە بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. ئىپادىلىنىش شەكلىدىن قارىغاندا، جۈملە سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. سۆز بولسا، جۈملىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئاساسىي ئامىلدۇر. لېكىن، جۈملىنى بىر قۇر سۆزنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى سىنتاكسىس (سىنتاكسىسلىق قائىدە) قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان لېكسىكىلىق بىرلىك (سۆز)نى مەلۇم قۇرۇلما قائىدىسى بويىچە رەتلەيدۇ ۋە بەلگىلىك سىستېمىغا سالىدۇ. شۇڭا ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن ھەرقانداق جۈملە ھەرگىز بىر قېتىمدىلا تۈزۈلگەن بولمايدۇ، بەلكى ئىككى سۆز ئاۋۋال بىر سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بۇ بىرىكمە 3 - سۆز بىلەن بىرىكىپ تېخىمۇ چوڭ سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ جەريان جۈملە تۈزۈلۈپ بولغىچە داۋاملىشىدۇ.

سۆز بىرىكمىسىمۇ مورفېما (مەنىلىك بۆلەك)، سۆز ۋە جۈملىگە ئوخشاش بىرخىل گىراماتىكىلىق بىرلىكتۇر. سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە ئوخشاشلا قۇرۇلۇش ماتېرىيالىلىق رول ئوينايدۇ؛ قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈملە ئوخشاشلا سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. لېكىن سۆز بىرىكمىسى سۆز ۋە جۈملىدىن پەرقلىنىدۇ.

سۆز بىرىكمىسىنى قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتىن پارچىلاشقا بولىدۇ. ئۇ ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تەركىپ تاپقان. سۆز بولسا مورفېمىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇ يۇغۇرۇلما ھالەتتە بولىدۇ، قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىشقا بولمايدۇ. سۆز بىرىكمىسى خەۋەرلىك خۇسۇسىيىتى يوق سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ تىلنىڭ تۇرغۇن ھالەتتىكى بىرلىگى، ئىستىمالغا تەييارلانغان بىرلىگى ھىساپلىنىدۇ، جۈملە بولسا خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە ۋە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان ھەركەت ھالىتىدىكى بىرلىك، ئىستىمالدىكى بىرلىك ھىساپلىنىدۇ.

سۆز بىرىكمىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ:

1) سۆز بىرىكمىسى لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلىدۇ، شۇڭا ئۇ قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتىن پارچىلىنىدۇ.

2) سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر تاۋۇش جەھەتتە فونېتىك ئۆزگىرىش قىلمايدۇ (ھەربىر سۆز ئۆز ئۇرغۇسىنى ساقلاپ قالىدۇ)، ئاخىرقى سۆزنىڭ ئۇرغۇسى باشقا سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ.

3) سۆز بىرىكمىسى ئايرىم تۇرغاندا خۇددى يەككە سۆزلەرنىڭ ئادەتتىكى تىزمىسىدەك تۇرسىمۇ، لېكىن جۈملىدە بىر سۆزگە ئوخشاش رول ئويناپ، جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ كېلىدۇ.

سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بۇ گىراماتىكىلىق بىرلىكنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جۈملە ۋە سۆزدىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2 - §. سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۈرلىرى

سۆز بىرىكمىلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىگىنى ئۆلچەم قىلىپ ھەرخىل تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىگى (سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەنلىگى)نى ئۆلچەم قىلىپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: ئاددى سۆز بىرىكمىسى، مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى (تۆۋەندە بۇنى ئاددى بىرىكمە، مۇرەككەپ بىرىكمە دەيمىز).

### 1. ئاددى بىرىكمە

ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى ئاددى بىرىكمە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرت كەلگەندە سىغىپ بولماس كۆزنىڭ يېشىنى.
قارچۇغامنى قۇشلىمىغان تاغلار قالمىدى،

ھىجران ئوتىدا مەن كەزمىگەن باغلار قالمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ، پەريات چېكىپ يىللار ئۆرۈلدى،
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار قانغا ئۆرۈلدى.
(«كۆرەشچان يىللار» دىن)

بۇ مىسرالاردىكى ساينىڭ تېشىنى، دەرت كەلگەندە، كۆزنىڭ يېشىنى، ھىجران ئوتىدا، ئاھ ئۇرۇپ، پەريات چېكىپ دېگەنلەر ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ئاددىي بىرىكمە بولىدۇ.

2. مۇرەككەپ بىرىكمە

ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن سىنتاكسىلىق سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ بىرىكمە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

لەپىلدىگەن قىزىل بايراق، دۈپۈرلىگەن ئاتلىق قوشۇن، ياڭرىغان خوشال ناخشا، بىپايان قارلىق دالىنى، لەرزان ئېقىۋاتقان زەرەيشان دەرياسىنى، ئالتۇن رەڭگىدە تاۋ-لىنىپ تۇرغان ياڭاق يېزىسىنى دولقۇنلىشىپ كېسىپ ئۆتتى.
(«كۆرەشچان يىللار» دىن)

بۇ جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۈچ سۆزدىن، بەزى-لىرى تۆت سۆزدىن، يەنە بەزىلىرى ئالتە سۆزدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ بىرىكمىلەردۇر.

ھەر مەيلى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ياكى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئىككىلىسى جۈملىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ. بۇلار بىۋاستە تەركىپلىرى ۋە قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. ئاددىي بىرىكمىنىڭ بىۋاستە تەركىپلىرى ئىككى سۆز بولسا، مۇرەككەپ بىرىكمىنىڭ تەركىپلىرى 3 سۆز ياكى بىرقانچە ئاددىي بىرىكمە بولىدۇ؛ ئاددىي بىرىكمە قاتلاملىق بولمايدۇ، مۇرەككەپ بىرىكمە بولسا قاتلاملىق بولىدۇ.

مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىۋاستە تەركىۋىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىدۇ يەنى ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىۋاستە تەركىۋى ئۆزىنى يادرو قىلغان ئاساستا باشقا بىر سۆز بىلەن بىرىكىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بۇ يېڭى سۆز بىرىكمىسى يەنە ئۆزىنى يادرو قىلىپ، باشقا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىدۇ. بىرىكىش جەر-يانىنىڭ دائىرىسى ئالاقە ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ھەر قېتىم كېڭەيتىلگەندە، ئەسلىدىكى بىرىكمىنىڭ بىۋاستە تەركىپلىرىدىن ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئەسلىدىكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا يېڭى بىر قۇرۇلمىلىق قاتلام قوشۇلۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر بىرىدىن مۇرەككەپ بولغان سۆز بىرىكمىسى ھاسىل بولىدۇ. كېڭەيتىلىش قېتىم سانى قانچە كۆپ بولسا، سۆز بىرىكمىسىنىڭ قاتلىمىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ شۇنچە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئاددىي بىرىكمە ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ بىرىكمە قۇرۇلما جەھەتتىن مەيلى قانچىلىك مۇرەك-كەپ بولۇپ كەتسۇن، لېكىن ئۇنىڭدىكى گىرامماتىكىلىق باغلىنىشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇسۇلى ھېچقاچان ئاددىي بىرىكمىدىكى گىرامماتىكىلىق باغلىنىشنىڭ ئاساسى

نۇسخىلىرىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن:

بايىقى ئادەم
بايىقى ئېگىز ئادەم
بايىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم
بايىقى ئېگىز بويلۇق ئۇرۇشقاق ئادەم

بۇ بىرىكمىلەردە ئەسلىدىكى ئاددى بىرىكمىنىڭ ئىنىقلاش ۋە ئىنىقلىنىشتىن ئىبارەت باغلىنىش شەكلى (نۇسخىسى) ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندۇرغۇچى سۆز (ئىنىقلانغۇچى، تەۋەلەنگۈچى ۋە تولۇقلانغۇچى سۆز) نىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە خاس ئىكەنلىگىنى ئۆلچەم قىلىپ 5 تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن، لېكىن تۈرلەنگەن شەخسلىك پېئىل ئېگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، بېقىندۇرغۇچى بۇ شەخسلىك پېئىلدىن بولغان قۇرۇلمىنى سۆز بىرىكمىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تىلىمىزدىكى شەخسسىز پېئىللار (سۈپەتداش، رەۋىشداش ۋە ھەركەت ناملىرى) پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈپەتداشلار سۈپەتلىك، رەۋىشداشلار رەۋىشلىك، ھەركەت ناملىرى ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولىدۇ. ھەركەت ناملىرى جۈملىگە تۈرلەنگەن ياكى تۈرلەنمىگەن شەكىلدە كىرەلەيدۇ. شۇڭا تىلىمىزدىكى سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ ئىسىم (ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز)، سۈپەت، سۈپەتداش، رەۋىشداش، ھەركەت نام ئىكەنلىگىگە قاراپ تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**1) ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچى ئىسىمدىن بولغان سۆز بىرىكمىسى ئىسىم خاراكتېرلىق بىرىكمە دېيىلىدۇ. بۇ خىل سۆز بىرىكمىسىنىڭ بېقىندى سۆزلىرى ھەر خىل تۈرگۈن سۆزلەردىن بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئىشچىنىڭ ئىشى | تۆمۈر ساندۇق |
| ياخشىنىڭ شاراپىتى | يېڭى كىتاپ |
| بارغاننىڭ پايدىسى | ئۆتكەن يىل |
| ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى | ئون جىڭ پاختا |
| ۋەتەننىڭ قىزىلگۈللىرى | يېزىش قورالى |
| قاسىمنىڭ ئاتا - ئانىسى | بىر شىرىن ھېسسىيات |

بېقىندۇرغۇچى سان ئالماشلىرىدىن بولغان ئاز ساندىكى سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

يۇرت مېتىۋەرلىرىنىڭ بىرى ۋاپات بولۇپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىقرار قىلمايۋاتىدۇ.

**2) سۈپەت خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچىسى سۈپەتتىن بولغان سۆز بىرىكمىسى سۈپەت خاراكتېرلىق بىرىكمە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يۈزى قىزىل | ئاغزى بۇرنى قىڭغىر |

تاغدىن پەس    قاتتىق سۆڭەكلىك
ئوقۇشقا ئامراق    خورىجى كۆپ
ئاتتىن ئىگىز، ئىتتىن پەس، بۇ نىمە؟

**3) ھەركەت نام خاراكتىرلىق سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچىسى ھەركەت نامىدىن بولغان سۆز بىرىكمىسى ھەركەت نام خاراكتىر-لىق بىرىكمە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

چىرايلىققا قاراش    ئۆيدە ئولتۇرۇش
كەچكىچە يىغلاپ يۈرۈش    ئوقۇشقا بېرىش
كۆزنىڭ قىرىنى سالماسلىق    ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش
كۆرگەننى قىلىش    ئون قېتىم بېرىش

**4) سۈپەتداش خاراكتىرلىق سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچى سۈپەتداشلاردىن بولغان سۆز بىرىكمىسى سۈپەتداش خاراكتىرلىق بىرىكمە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

گۈلدەك ئېچىلغان    يىراقنى كۆرىدىغان
چىرايلىق ياسانغان    ناھايىتى ئىتتىك كەلگەن
مەندىن ئالغان    يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان

**5) رەۋىشداش خاراكتىرلىق سۆز بىرىكمىسى**

بېقىندۇرغۇچى رەۋىشداشلاردىن بولغان سۆز بىرىكمىسى رەۋىشداش خاراكتىرلىق بىرىكمە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر كۆرۈپ    تاتلىقنى تاللاپ
ئاستا - ئاستا مېڭىپ    سۆزنى ئاڭلىماي
ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ    خاتالىقنى تونۇپ

**تەكرارلاش سوئاللىرى**

1. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دىگەن نىمە؟ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى قانداق؟
2. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دىگەن نىمە؟ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى قانداق؟
3. سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەم قىلىپ قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ؟
4. تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ خاراكتىرىنى ئۆلچەم قىلغاندا، سۆز بىرىكمىسىنى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ؟
5. تۆۋەندىكى پارچىدا قانداق سۆز بىرىكمىسى بارلىغىنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار.

....... تائاخىرىغىچە ساپ دىللىق، ۋىجدانلىق، بىر بىرىگە ئىشىنىش، توغرا تەنقىتنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىش — دوستلارچە مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىش، ھەر كىشىگە خاس ئالىجاناپ پەزىلەتتۇر.

# III باپ. جۈملە

## 1 - §. جۈملە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگى

جۈملە ھەققىدىكى ئىلىم سىنتاكسىس دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى سىنتاكسىسنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاددى جۈملە ۋە قوشما جۈملىگە ئائىت ھەرخىل قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتۇر.

جۈملە مەلۇم ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ چوڭ سىنتاكسىسلىق بىرلىكتۇر.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېيتماقچى بولغان ئوي - پىكرىمىزنى ۋە مەقسىتىمىزنى تىلدا جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. جۈملە پىكىرنى (پىكىر شەكىللىرىدىن ھۆكۈم، خۇلاسە، تەبىر... قاتارلىقلارنى) ئىپادىلەيدىغان تىل ماتېرىياللىرى (تىل بىرلىكلىرى) ئىچىدە مۇھىم بىر قىسىم بولۇپ، ئۇ ئالاقە باغلاشنىڭ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تىل شەكلى سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرىنى قانداق مەقسەت ۋە قانداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئىپادىلىشى جۈملە مەزمۇنىنىڭ ھەرخىل بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە تىلىمىزدىكى جۈملىلەرنى مەنە جەھەتتىن 4 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. خەۋەر جۈملە

شەيئى، ئىش - ھەركەت ياكى ۋەقە - ھادىسە ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلەر بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەن جۈملىلەر خەۋەر جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

تۈن كېچە، يېزا ئىچى جىمجىت، پەقەت كوئېنلۇنىڭ ئۈستى تۇختىماي تاراقلاپ گۈلدۈرلەيتتى، يالت - يۇلت قىلغان چاقماق مىڭلىغان ئۇششاق تالالارغا ئايرىلغان ئوق يىلتىزىدەك يالتىراپ ئۆچەتتى، بەزىدە چاقماق قوشۇلمىلىرىدىن پۈتۈن كوئېنلۇن كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئاپپاق ئوت يالقۇنلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە ساقلىناتتى... («كۆرەشچان يىللار» دىن) دىگەندىكى جۈملىلەر كوئېنلۇنىڭ كېچىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىنى ۋە ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەپ بايان قىلىدۇ.

خەۋەر جۈملىنىڭ قانداق مەزمۇننى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى بۆلەكلەرگە، بولۇپمۇ خەۋەرنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگىگە باغلىق. خەۋىرى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەر جۈملە مەلۇم ئىش - ھەركەتنىڭ بولغان - بولمىغانلىغىنى،

بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى، بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى ھىكايە تەرىقىسىدە بايان قىلىدۇ. خەۋىرى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەر جۈملىلەر بولسا، بىرەر نەرسە ياكى ھادىسە ھەققىدىكى تەسۋىرىي پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تاڭ بىلەن تەڭ ئويغىنىپ بۈگۈن،
قەلبىمدە ئىسسىق بىر ھوزۇر سەزدىم.
شەھىرىم باغرىدا كۆرۈپ يېڭى تۈس،
كۈلۈپ، زوقلىنىپ، كوچىلار كەزدىم.

(ت. ئېلىيوپ)

پاقىرىغانىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس. (ماقال)
بىلىمسىزلىك نامراتلىقتىن يامان. (ماقال)

خەۋەر جۈملە ئادەتتە بىرخىل، راۋان ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. بۇ خىل ئاھاڭ دەسلەپ كۆتىرىلىپ، كېيىن پەيدىن - پەي پەسىيىپ توختايدۇ. جۈملىنىڭ لوگىكىلىق ئۇرغۇ چۈشكەن بۆلىگى باشقا بۆلەكلەرگە قارىغاندا يۇقۇرىراق ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ.

### 2. سوراق جۈملە

بىرەر نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ياكى بىرەر ئىش - ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرنى سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر سوراق جۈملە دېيىلىدۇ.

ئىككى ئات قوشقان ھارۋىنىڭ،
ئالدى چاقى پەسمىكەن؟
جىگدە تۈۋدىن قوپمايسىز،
ئەمگەك قىلماق تەسمىكەن؟

(خەلق قوشىقى)

ئۇنداقتا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشچى، دېخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟

قادىر، سىزگە نىمە بولدى؟ ناھايىتى خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟

سوراق جۈملىلەر ئادەتتە سوئال ئالماشلىرى بىلەن سوئال ئۈلانمىلىرى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ، لېكىن سوئال ئالماشلىرى بىلەن سوئال ئۈلانمىلىرى ئۈلانمايمۇ، سوئال مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سوراق جۈملىلەر بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل ئاھاڭلار بولغان بەزى جۈملىلەر سوراق مەزمۇننى ئىپادىلىمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

— بۇ قورال، ئىھتىمال، ساقچىلارنىڭ بولسا كېرەك.
— ساقچىلارنىڭ بولسا كېرەك؟

كېيىنكى جۈملىدە ھېچقانداق سوراق ئالمىشى بولمىسىمۇ، سوراق مەزمۇنى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىگەندىن كېيىن يالغان سۆزلەشنىڭ نىمە ھاجىتى؟

بۇ جۈملىدە سوراق ئالمىشى بولسىمۇ («نىمە» دىگەن ئالماش)، لېكىن ئۇ سوراق مەزمۇنىنى ئەمەس، بەلكى «يالغان سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق» دىگەن بايان مەزمۇنىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ.

سوراق جۈملىلەر سوئال ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلىدۇ. يەنى سوراق جۈملىلەردە سوئالنى ئىپادىلەيدىغان سۆز باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا بولسا سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ.

## 3 · ئۈندەش جۈملە

تۇرلۇك ھىسسىياتلىق پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دىيىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ ئوچۇق چىرايىغا، كۈلۈمسىرىشىگە قانچىلىك تەشنا ئىدىم - ھە! مانا ئەمدى يۈرىگىم بۇ تەشنالىقتا قاندى، ئۇھ، نىمە دىگەن ئىللىق كۈلۈمسىرەش - بۇ!

ئېخ، چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەن، خىيال سۈرۈۋاتقاندىمەن، ياق، بۇنىڭ ھەممىسى ئەمىلىيەت!

پاھ - پاھ، بۇ يەرگە ئەجەپ چىرايلىق ئىمارەتلەر سېلىنىپ كېتىپتۇ!

خەير، بېيجىڭ، ساڭا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىم دىلىمدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!

ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە خاس ئىنتۇناتسىيە (تاۋۇش ئاھاڭى) غا ئىگە يەنى پۈتۈن جۈملە ياكى ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز كۈچلۈك ۋە كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بەزى خەۋەر ۋە سوراق جۈملە مۇشۇنداق ئاھاڭدا ئېيتىلسا، ئۈندەش جۈملىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە ئادەتتە ئۈندەش سۆزلەر بولىدۇ.

## 4 · بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تىلەك، شوئار، چاقىرىق، ئۈمىت مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دىيىلىدۇ. مەسىلەن:

قېنى يىگىتلەر، مېڭىشقا تەييارلىنىڭلار!

بېرىپ ئېيتقىن سەبا خەلقىمگە، غەپلەت ئۇيقۇدىن تۇرسۇن!
جاھان خەلقىگە ئوخشاش ھۆرىيەتلىكتىن بازار قۇرسۇن!

(نىمشېھىت)

بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى ئېنىق بۇيرۇق، شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر كۈچلۈك ۋە كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا، بەزىلىرى ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر بولۇپ ئۇلار پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. كۈچلۈك ۋە كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلغانلىرىدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى، پەس ئېيتىلغانلىرىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى كۆپىنچە بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار-دىن تۈزۈلىدۇ.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 4 خىل جۈملىنىڭ ھەرقايسىسىدا ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە، تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئورۇن تەرتىۋى، مەخسۇس مورفولوگىيىلىك ئامىل-لىرى بولىدۇ. مەسىلەن: سوراق جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە سوئال ئالماشلىرى، ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدە ئۈندەش سۆزلىرى بولىدۇ، خەۋەر جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى كۆپىن-چە، خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردىن، بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، جۈملە ھە-مىشە بىر خىل مەزمۇندا بولىۋەرمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆز پىكرىنى قانداق مەزمۇندا ئىپادى-لەشكە قاراپ، بىر جۈملە مەلۇم ئەھۋالدا خەۋەر جۈملە بولسا، يەنە مەلۇم ئەھۋالدا ئۈندەش ياكى سوراق جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك بەزى جۈملىلەر ھەم خەۋەر، ھەم ئۈندەش ياكى ھەم سوراق، ھەم ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلى-شىمۇ مۇمكىن.

تىلىمىزدىكى جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتە ھەر خىل بولۇپلا قالماي، تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى-دىن، يەنە بەزىلىرى ئاددى جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مانا بۇ جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئومۇمى ئالاھىدىلىك. شۇنىڭغا ئاساسەن، تىلىمىزدىكى جۈملىلەر تۈزۈلۈش شەك-لى جەھەتتىن ئاددى جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 2-§. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت، سىنتاكسىسلىق يول ھەم سىنتاكسىسلىق ۋاستە

### 1. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش

تىلدىكى سۆزلەر ئۆزئارا مەلۇم سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا كېلىپ، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق باغلىنىشى — سىنتا-كسىسلىق باغلىنىش دېيىلىدۇ.

جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسى تەركىۋىدە سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، قاتارى باغلىنىش، بۇنىڭدا جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆزلەر بىر بىرىگە قاتار باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق باغلىنىش قاتارى (دەرىجىلىك) باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئادەم،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

(خەلق قوشىقى)

بۇ قوشاقنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىكى سۆزلەر بىر بىرىگە قاتار (دەرىجىلىك) باغلىنىپ كەلگەن، قاتارى باغلىنىشنىڭ كۆرسەتكۈچى ←←←← شەكلىدە بولىدۇ.

ئىككىنچى، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىدە بىرقانچە سۆز (ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز) بىر سۆزگە ئورتاق باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئورتاق باغلىنىدىغان بىرقانچە سۆز بەزىدە بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە، بەزىدە ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى دەۋر، يېڭى ئاما ۋە يېڭى تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېڭى ئىجادىيەت پىرىنسىپى ۋە يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانماي مۇمكىن ئەمەس.

يۇقۇرقى مىسالدىكى «يېڭى دەۋر، يېڭى ئاما ۋە يېڭى تۇرمۇشنى» دېگەن ئۈچ ئاددى بىرىكمە «ئىپادىلەش ئۈچۈن» دېگەن سۆزگە، «يېڭى ئىجادىيەت پىرىنسىپى، يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى» دېگەن ئىككى مۇرەككەپ بىرىكمە «قوللانماي مۇمكىن ئەمەس» دېگەن مۇرەككەپ بىرىكمىگە بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە ئورتاق باغلىنىپ كەلگەن. بۇ خىل باغلىنىشنىڭ كۆرسەتكۈچى ⇇〉← شەكلىدە بولىدۇ.

بىر تۈنۈگۈن تىياتىرغا ئاپتوۋۇز بىلەن باردۇق، دېگەن جۈملىدىكى «تۈنۈگۈن، تىياتىرغا، ئاپتوۋۇز بىلەن» دېگەن ئۈچ سۆز ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كېلىپ، «باردۇق» دېگەن سۆزگە ئورتاق باغلىنىپ كەلگەن، يەنى ⇇〉← شەكىلدە باغلىنىپ كەلگەن.

ئۈچىنچى، جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىدە بىر سۆز بىرقانچە سۆزگە ئورتاق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچقاندەك تەرەققى قىلماقتا. بۇ جۈملىدە «مەملىكىتىمىزنىڭ» دېگەن سۆز «سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى» دېگەن ئىككى ئاددى بىرىكمىگە ئورتاق باغلىنىپ كەلگەن. يەنى: ⇇— شەكىلدە باغلىنىپ كەلگەن.

جۈملىدە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ يۇقۇرقى ئۈچ خىل سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىنى يىغىنچاقلاپ، قاتارى باغلىنىش ۋە ئورتاق باغلىنىش دېگەن ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىر سۆزنىڭ بىرقانچە سۆزگە ئورتاق باغلىنىشى بىلەن بىرقانچە سۆزنىڭ بىر سۆزگە ئورتاق باغلىنىشى ماھىيەتتە بىر خىل باغلىنىش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 2. سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت

سۆزلەر جۈملىدە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە بىر بىرى بىلەن مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت ئىككى خىل بولىدۇ:

**1) تەڭداشلىق مۇناسىۋەت**

تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆزلەر ئارىسىدا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق مۇناسىۋەتتىكى سۆزلەر ئۆزئارا بىر بىرىنى ئېنىقلىمايدۇ، ياكى تولۇقلىمايدۇ، بەلكى جۈملىدىكى باشقا سۆز بىلەن ئېنىقلىنىپ ياكى تولۇقلىنىپ كېلىدۇ، ياكى جۈملىدىكى باشقا سۆزنى تەڭ دەرىجىدە ئېنىقلاپ ياكى تولۇقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالما ۋە ئۆرۈك پىشتى.

گۈلنۇر كىتابنى كۆپ ئوقۇيدۇ ھەم خاتىرە يازىدۇ.

بىز ۋەتەننى، خەلقنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيىمىز.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن سۆزلەر ئادەتتە بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە خاس بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرغاندا جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇنغا تەسىر يەتمەيدۇ.

**2) بېقىندىلىق مۇناسىۋەت**

جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىدىكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ، تولۇقلىغۇچى بىلەن تولۇقلانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم جۈملىدىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋىتى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە مۇناسىۋەتلەشكۈچى تەرەپلەرنىڭ بىرى بېقىندۇرغۇچى (يېتەكچى)، يەنە بىرى بېقىنغۇچى (ئەگەشكۈچى) ھالىتىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

پادىچى يىگىت ئۇلارنى قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ كەينىدىكى بەلنىڭ يېنى بىلەن ئېلىپ كەتتى.

(«كۆرەشچان يىللار»دىن)

يۇقۇرقى جۈملىدە «پادىچى يىگىت» دىگەن بىرىكمىدىكى «پادىچى» ئېنىقلىغۇچى، «يىگىت» ئېنىقلانغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن بولسا، «قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ كەينىدىكى بەلنىڭ يېنى بىلەن» دىگەن بىرىكمىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر بىر بىرىنى ئېنىقلاش ۋە ئېنىقلىنىش ئاساسىدا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن، «پادىچى يىگىت» دىگەن بىرىكمە بىلەن «ئېلىپ كەتتى» دىگەن سۆز ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋەتتە كەلگەن، «ئۇلارنى» دىگەن سۆز ۋە «قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ كەينىدىكى بەلنىڭ يېنى بىلەن» دىگەن بىرىكمە «ئېلىپ كەتتى» دىگەن سۆز بىلەن تولۇقلىغۇچى ۋە تولۇقلانغۇچى مۇناسىۋىتىدە كەلگەن. شۇنىڭدەك بۇ جۈملىدىكى ئېنىقلانغۇچى، تولۇقلانغۇچى ۋە خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بېقىندۇرغۇچى (يېتەكچى)، ئېنىقلىغۇچى، تولۇقلىغۇچى ۋە ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بولسا، بېقىنغۇچى (ئەگەشكۈچى) بولۇپ كەلگەن.

سۆز بىرىكمىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياندىشىش يولى بىلەن باغلانغان سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى قىسىملارنىڭ ئورۇن تەرتىۋى تۇراقلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ۋە مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «كۆك ئاسمان» دىسەك، بۇ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ، «ئاسمان كۆك» دىسەك، ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋىتىدىكى جۈملە بولىدۇ.

جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆزلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتكۈچى سىنتاكسىسلىق ۋاستە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تىركەلمىلەردۇر. لېكىن بۇ خىل سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولمىغان شارائىتتا سۆزلەرنىڭ ئومۇمى گىراماتىكىلىق ھالىتى ۋە ئورۇن تەرتىۋى ئارقىلىقمۇ بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىۋېرىدۇ.

جۈملىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ (مەسىلەن: ياسىن — ئىشچى، ئۆرۈك چېچەكلىدى، سانائەت تەرەققى قىلدى) بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ھەر خىل سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى سۆزلەرنىڭ لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىگە ياكى قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇشىغا باغلىق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىدىمۇ، جۈملىنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئىپادىلىنىۋېرىدۇ.

## 3 · سىنتاكسىسلىق يول

ئاددى جۈملىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ، قوشما جۈملىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلىشىش يولى — سىنتاكسىسلىق يول دىيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەر 3 خىل يول بىلەن ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا ياكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىدۇ.

### 1) كېلىشىش (ماسلىشىش) يولى

جۈملىدە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىر بىرى بىلەن سان ۋە شەخس جەھەتتە ئۆزئارا كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى مۇشۇ يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ پىكرىم توغرا. سېنىڭ ئۆگىنىشىڭ ياخشى. قاسىمنىڭ تىرىشچانلىقى ھەممىدىن يۇقۇرى.

بۇ مىساللاردىكى پىكرىم، ئۆگىنىشىڭ، تىرىشچانلىقى دىگەن بېقىندۇرغۇچى سۆزلەر شەخس قوشۇمچىلىرىدا، مېنىڭ، سېنىڭ، قاسىمنىڭ دىگەن بېقىنغۇچى سۆزلەر ئىگىلىك كېلىشتە كېلىپ، ئۆزئارا كېلىشىش يولى بىلەن باغلانغان. بۇ خىل يول بىلەن باغلانغان بېقىندى

(ئېنىقلىغۇچى) سۆز بىلدۈرگۈچى (ئېنىقلانغۇچى) سۆزنىڭ شەخس قوشۇمچىسىدا كېلىشىنى شەرت قىلسا، بېقىندۇرغۇچى سۆز بېقىنغۇچى سۆزنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كېلىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇ ناخشا ئېيتتى، بىز تىڭشىدۇق، دېگەن جۈملىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەرمۇ ئۆزئارا شەخس ۋە سان جەھەتتە كېلىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن.

## 2) باشقۇرۇش يولى

باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ ئايرىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق يول بىلەن باغلانغان بېقىندى (تولۇقلىغۇچى) سۆز چۈشۈم، چىقىش، يۆنىلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ياكى تىركەلمىلەر قوشۇلغان شەكىلدە، بېقىندۇرغۇچى (تولۇقلانغۇچى) سۆز مەزكۇر قوشۇمچە ۋە تىركەلمىلەر قوشۇلغان شەكىلدىكى سۆزنى تەلەپ قىلىدىغان (باشقۇرۇپ كېلىدىغان) پېئىللاردىن بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شۇ تېپەتتە، شۇ كۆرەشتە ئاللە يىلتىز قەدەم باستۇق، كۆرەش قىلىپ غالىبىيەت مەنزىلىگە يېقىنلاشتۇق. چىدامىلىق روھ، غەيرەت بىلەن تۇتقۇنلۇقتىن يىراقلاشتۇق، چىقىم يېگىپ چىقىش ئۈچۈن بىزدە قاتتىق ئىشەنچ بار.

(نىمشېھىت)

باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىشتا پېئىللارنىڭ رولى ناھايىتى زور. مەسىلەن:

ئۆيىدىن چىقماق، بازارغا بارماق، قەشقەرنى كۆرمەك، ئورۇندۇقتا ئولتۇرماق، ئايروپىلان بىلەن كەلمەك، خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەك، كىتاپ توغرىلىق سۆزلەشمەك ۋە باشقىلار.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم بىرىكمىلەرنىڭ بېقىندۇرغۇچى (باشقۇرغۇچى) سۆزى ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت باشقىلار)دىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس. (تېپىشماق)
گەپ ئېغىزدا ياخشى، كاۋاپ زىقتا ياخشى.
ئەرگە بىر ئۆۋەت، يەرگە بىر تۆۋەت. (ماقال)

## 3) ياندىشىش يولى

جۈملىدە بېقىنغۇچى سۆز بېقىندۇرغۇچى سۆزگە مورفولوگىك قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەرسىز ياندىشىپ كېلىش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. ياندىشىش يولى بىلەن باغلانغان بىرىكمىلەر ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار پەقەت قاتار كېلىش ئارقىلىقلا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشىدۇ. شۇڭا ياندىشىش يولى بىلەن باغلانغان سۆزلەرنىڭ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىكى ئورۇن تەرتىۋى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ياندىشىش يولى بىلەن باغلانغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋى تۈزۈلۈشى قانداق سۆز تۈركۈمىدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. بېقىندى سۆزى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، سۈپەتداش، رەۋىش بولۇپ، بېقىندۇرغۇچى سۆزى ئىسىم بولۇپ كېلىدىغان ياندىشىش باغلىنىشتىكى بىرىكمىلەرنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ.

ئىسىم + ئىسىم: ئالتۇن سائەت، ئوقۇغۇچى بالا.

سۈپەت + ئىسىم: قىزىل ئالما، ياخشى كادىر، تىرىشچان بالا.
سان + ئىسىم: بىرىنچى سىنىپ، يۈز قوي، مىڭ ئادەم.
سۈپەتداش + ئىسىم: ئوخشىغان بوغداي، ياغلىق توقاچ، كۆرمەس كۆز.
ئالماش + ئىسىم: ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، ئاۋۇ ئادەم، مۇنۇ ئۆي.
رەۋىش ئىسىم: ئۇ ھازىر ئىشچى، كۆپ ئادەم.

بېقىندى سۆزى رەۋىش، تەقلىدىي سۆز، رەۋىشداش، سۈپەت ۋە سانلار، بېقىندۇرغۇچىسى پېئىل بولۇپ كېلىدىغان ياندىشىش باغلىنىشىدىكى بىرىكمىلەرمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن:

رەۋىش + پېئىل: ئاستا سۆزلەش، چاپسان مېڭىش، بۈگۈن كېلىش.
تەقلىدىي سۆز + پېئىل: غاچۇر - غۇچۇر قىلماق، ۋاراق - ۋاراق قاينىماق.
رەۋىشداش + پېئىل: ئويلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر. (ماقال)
سۈپەت + پېئىل: چىرايلىق يېزىش، ياخشى ئوقۇماق، ئاز سۆزلىمەك.
سان + پېئىل: ئىككى قونماق، ئالتە ئۆلچەپ بىر كەس. (ماقال)

ياندىشىش يولى بىلەن باغلانغان مۇرەككەپ بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىدە ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەر ئارىلاش كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: لەپىلدىگەن قىزىل بايراق، ياڭرىغان خوشال ناخشا ئاۋازى، لەرزان ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى.

جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىدا يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن خىل سىنتاكسىسلىق يول ئارىلاش كېلىشىمۇ ياكى ئايرىم - ئايرىم كېلىشىمۇ مۇمكىن. 3
بۇ شۇ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەزمۇن ھەم تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگىگە باغلىق. چۈنكى، مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق يول مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ، مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىش مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق يول ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بەزىدە ئوخشاش خاراكتىردىكى باغلىنىش ئوخشاش بولمىغان خاراكتىردىكى يول بىلەن ئىپادىلىنىشى ياكى ئوخشاش خاراكتىردىكى يول ئوخشىمىغان خاراكتىردىكى باغلىنىشنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

## 4. سىنتاكسىسلىق ۋاستە

ئۇيغۇر تىلىدا، باشقا تۈركى تىللاردىكىگە ئوخشاش، جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە سۆزلەرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىك تۈزۈلۈشكە باي بىر تىل، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار جۈملىدە سۆز بىلەن سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ھەم سۆزگە قوشۇلىدىغان گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك (شەخس) قوشۇمچىلىرى بېقىندۇرغۇچى سۆزگە ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ بېقىندى سۆز بىلەن شەخس ۋەساندا كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىشنى

ۋاستىلىك تەمىن ئېتىدۇ، يەنى سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ جېنىم، سېنىڭ جېنىڭ بىر جان ئەمەسمۇ؟

(خەلق قوشىقىدىن)

بىزنىڭ جېنىمىز، سىلەرنىڭ جېنىڭلار

قاسىمنىڭ ياتىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى

ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى، ئاساسەن، ئىسىملارنىڭ پېئىل بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئىشقا باردىم، قەشقەردىن كەلدىم، سانائەتنى تەرەققى قىلدۇرماق، مەكتەپتە ئوقۇماق.

پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىشىنى ئىپادىلەشتە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەن باردىم. بىز باردۇق، سەن ئوقۇدۇڭ، سىلەر ئوقۇدۇڭلار، ئۇ كۆردى، ئۇلار كۆردى.

ئىككىنچى، ياردەمچى سۆزلەر (تىركەلمىلەر بىلەن باغلىغۇچىلار). تىركەلمىلەر ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولۇشمۇ پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشتە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. تىركەلمىلەر سىنتاكسىسلىق رولى ۋە گىراماتىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزى تىركەلمىلەر كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاشلىقنى كومبايىندا ئورۇش — ئاشلىقنى كومبايىن بىلەن ئورۇش. كۆۋرۈكتىن ئۆتمەك — كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتمەك، ئوقۇشقا كەتتى — ئوقۇش ئۈچۈن كەتتى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى باغلىغۇچىلار سۆز ھەم جۈملىلەر ئارىسىدىكى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

شەھەر ۋە يېزىلار گۈللەپ ياشنىدى.

پاتەم دەرسنى ئوبدان ئاڭلىدى ھەم ئوبدان خاتىرىلىدى.

ئۈچىنچى، سۆزلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشتە سۆز تەرتىۋىمۇ ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ سۆز قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەرسىز بىر بىرى بىلەن باغلانغان شارائىتتا سۆز تەرتىۋى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا سۆز تەرتىۋى ئۆزگەرتىلسە، سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇنىمۇ ئۆزگىرىدۇ، ھەتتا ئوي-پىكىر خاتا ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى ئوقۇغۇچى — ئوقۇغۇچى ياخشى.

قاراڭغۇ تۈن — تۈن قاراڭغۇ.

بىرىنچى قاتاردىكىلەر ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن بىرىكمە؛ ئىككىنچى قاتاردىكىلەر ئىگە ۋە خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە كەلگەن جۈملە بولىدۇ. «پارتىيەنىڭ نۇرغۇن كادىرلىرى» دېگەن بىرىكمىدىكى «نۇرغۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنى ئۆزگەرتىپ «نۇرغۇن پارتىيەنىڭ كادىرلىرى» دېسەك، مەزمۇن خاتا بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچى، جانلىق تىلدا سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىپادىلەشتە ئىنتونا تسىيە بىلەن فائۇزا مۇھىم سىنتاكسىسلىق ۋاستە سۈپىتىدە رول ئويـنايدۇ. شۇڭا جۈملىدە ئىنتونا تسىيە ۋە فائۇزا ئۆزگەرتىلسە، سىنتاگما بىلەن مەزمۇنمۇ ئۆزگىرىدۇ.

يۇقۇرىدا كۆرستىلگەن سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر ئۆزئارا بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سىنتاكسىسلىق باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلىك خاراكتىرىنى ئېنىقلاشتا ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىش لازىم. ئۇلارنىڭ بىرىنى تەكىتلەپ، باشقىلىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئوخشىمىغان سىنتاكسىسلىق باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەت ئوخشىمىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستە بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن، شۇنىڭدەك ئوخشىمىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن.

## 3 - §. ئاددى جۈملە

### 1. ئاددى جۈملە ۋە ئۇنىڭ رولى

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ ئاياقلاشقان يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئاددى جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما. (ماقال)

هورۇن ئادەم يەرگىمۇ ئېغىر يۈك. (ماقال)

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجتىمائى رىياللىقنىڭ تىپىك شارائىتتىكى تىپىك قەھرىمانلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

(«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دىن)

يۇقۇرقى جۈملىلەر مەيلى قىسقا ياكى ئۇزۇن بولسۇن، ھەممىسى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن، يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملىلەردىن ئىبارەت.

ئاددى جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ بىر مەركەزلىك بولىدۇ، يەنى ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت ئىپادىلەنگەن بىر مەركەزدىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. شۇڭا بۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان يەككە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىمۇ يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملە بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئەتىياز. سىم - سىم يامغۇر توختىماي ياغماقتا.

ئايدىڭ كېچە. ئىككىمىز توپ - توز يولدا كېتىۋاتاتتۇق.

بۇ جۈملىلەردىن «ئەتىياز»، «ئايدىڭ كېچە» دىگەنلەرنىڭ بىردىن ئاددى جۈملە بولۇشى ئۇلارنىڭ «ۋاقىت ئەتىياز ئىدى»، «ۋاقىت ئايدىڭ كېچە ئىدى» دىگەن ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان بىر مەركەزدىن تەشكىل تاپقانلىقىدىندۇر. بۇنداق ئاددى جۈملىلەر بەدىئى ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئاياقـ

لاشقان يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان، ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت ئەكىس ئەتكەن بىر مەركەزلىك ئىكەنلىگى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئاددى جۈملىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق.

ئاددى جۈملە نۇتۇقنىڭ ئەڭ كىچىك تەركىۋىي قىسمى بولۇپ، ئوبيېكتىپ رېياللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغان پىكىر شەكىللىرىنى ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش بىلەن، كىشىلەرنىڭ بىر بىرىنى چۈشىنىشىدە، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا ۋە ئۆزئارا ئالاقە باغلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭدەك ئاددى جۈملە قوشما جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن بىردىن - بىر ئاساس بولىدۇ.

## 2 . جۈملە بۆلەكلىرى

جۈملە ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراممىتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر بىردىن پەرقلىنىدىغان قىسىملاردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئاددى جۈملىدە ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن ئەنە شۇ تەركىۋىي قىسىملار جۈملە بۆلىگى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالماس تۆگىنىڭ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى. قەشقەر تەسىراتلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەيتتى...... يېڭى، كۈچلۈك، ئىلھامبەخش، ئوتلۇق ئوي - پىكىرلەر ئۇنى تىنىمسىز ئالدىرىتاتتى......

(«كۆرەشچان يىللار» دىن)

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ھەر بىر سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئۆز ئالدىغا مەلۇم ۋەزىپە ئۆتەپ، مۇستەقىل جۈملە بۆلىگى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭدەك يۇقۇرقى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىگە ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى بىرىكمىگە نىسبەتەن ئۆز ئالدىغا بىردىن بۆلەك ھېساپلىنىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى جۈملە تۈزۈشتىكى رولىغا قاراپ، باش بۆلەكلەر ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. باش بۆلەكلەرگە ئىگە، خەۋەر، ئەگەشمە بۆلەكلەرگە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت كىرىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەر، ئادەتتە، جۈملىنىڭ ئويۇشتۇرغۇچى مەركىزى. ئۇلار ئۆزئارا بىرىكىپ بايانىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە نۇتۇق ئاملى بىلەن ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىگە بىلەن خەۋەر مەنە ۋە گىراممىتىكىلىق جەھەتتە ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىر ئاددى جۈملە قۇرۇلمىسىنى، ئاياقلاشقان بىر يەككە ئوي - پىكىرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.

ئەگەشمە بۆلەكلەر (تولدۇرغۇچى ئېنىقلىغۇچى، ھالەت) بولسا، باش بۆلەكلەرنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئۇلارنى ياكى بىر بىرىنى ئېنىقلايدۇ، تولۇقلايدۇ، ئىزاھلايدۇ. ئەگەشمە بۆلەكلەر مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئىگە بىلەن خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىپ يېيىق ئاددى جۈملە قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى جۈملىدىكى خىز-

مىتى ئارقىلىق كۆرۈلىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەر ياكى خەۋەرنىڭ ئۆزى ئاياقلاشقان يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئاددىي جۈملە ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەگەشمە بۆلەكلەر ئۆز ئالدىغا ئاياقلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي جۈملىنى ھاسىل قىلالمايدۇ. ئەگەشمە بۆلەكلەر ئۆزلىرى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن مەزمۇننىلا ساقلاپ قالالايدۇ. شۇڭا جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: جۈملە بۆلەكلىرى تۆۋەندىكى شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلىدۇ.

ئىگە (——) خەۋەر (═══)

تولدۇرغۇچى (~~~) ئېنىقلىغۇچى (‿‿‿)

ھالەت (~~~)

## ئىگە

ئىگە گىراماتىكىلىق جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ، ئوي - پىكىرنى ئۆزىگە قاراتقۇچى شەيئىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوي - پىكىرنىڭ سۇبيېكتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ۋە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان ئىسىم خاراكتېرلىق بارلىق سۆزلەر جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

ئىسىملار ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق بىرىكمىلەر جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەندە، شەيئى، ھادىسە، چۈشەنچە ۋە باشقىلارنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

شۇ كۈنى ئاسىمنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولدى. قولى ئىشقا بارمىدى. مۇڭلۇق ئېسكرىپكا ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ رىشتى باغلانغان غېرىپ كۆڭۈل، لېكىن زېرەك، ئۈمىتلىك دوستلىرى مەكتەپتە يوق ئىدى.

(«كۆرەشچان يىللار» دىن)

ئىسىملاردىن باشقا، جۈملىدە كۆپرەك ئالماشلار ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. بولۇپمۇ كىشىلىك ئالماشلار جۈملىدە كىشىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، ئىسىملارغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەن — ئىشچى. ئۇ — دوختۇر.

بىز ناھايىتى كۆپ قۇرۇلۇش سالدۇق.

سىلەر ياخشى ئىش قىلدىڭلار.

سۈپەتلەر ئىگە بولۇپ كەلگەندە، شەيئىنىڭ بەلگە ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئەمەس، بەلكى شەيئىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ... (ماقال)

ئەخمەق كۈندۈزى چىراق ياقىدۇ. (ماقال)

سانلار ئىگە بولۇپ كەلگەندە، شەيئىنىڭ سانىنى ئېنىقلىماستىن، بەلكى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. سانلار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىردىن ئىككى ياخشى، قۇرۇق گەپتىن جىگدە (ياخشى). (ماقال) ئىككى سەككىز—

ئۇن ئالتە. (ماقال)

بىرى تۇيۇپ سەكرەيدۇ، بىرى توكۇپ (سەكرەيدۇ). (ماقال)

يىغىنغا ئىككىمىز قاتناشتۇق.

سۆپەتداشلار ئىگە بولۇپ كەلگەندە، ھەركەتلىك خۇسۇسىيەتنى ئەمەس، بەلكى ھەركەت ئىگىسى بولغان شەخسنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىغىنى چىشلەر. (ماقال)

ئوقۇغان ئوزار، ئوقۇمىغان توزار. (ماقال)

ئاتا كۆرگەن ئوقيا ياسار، ئانا كۆرگەن كىيىم پىچار. (ماقال)

ھەركەت ناملىرىمۇ ئىسىملارغا ئوخشاش ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ھەركەت ناملىرى ئىگە بولۇپ كەلگەندە، خەۋەردىن ئالاھىدە فائىزا بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالماقنىڭ بەرمىگى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىگى بار. (ماقال)

يېزىش — سۆزلەشتىن تەس.

بىلىم ئېلىش — ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشمۇ ئۆگىنىش.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، رەۋىش، تەقلىدىي سۆز ھەم ئۈندەش سۆزلەرمۇ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھورۇنىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس. (ماقال)

بار ياراشتۇرار، يوق تالاشتۇرار. (ماقال)

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،

ئاھلىرىم تۈتقاي سىنى......

شىلدىر - شىلدىر قىلغان — سۇنىڭ ئاۋازى.

ئىگە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددى ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىگە ئاددى ئىگە، سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن ئىگە مۇرەككەپ ئىگە دېيىلىدۇ. مۇرەككەپ ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى (تۇراقلىق ياكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر) نىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى زىچ بولىدۇ. خەۋەرگە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە باغلىنىدۇ، ۋە بىرلا سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرى بىرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى — تۈپ مەسىلىدۇر.

«كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش» — خاتالاشقانلارغا ياردەم بېرىشنىڭ بىردىن - بىر توغرا ئۇسۇلى.

ئىشلىگەن چىشلەش سوتسىيالىزىمنىڭ تەقسىمات پىرىنسىپىدۇر.

بەزى ئاددى جۈملىلەردە كېڭەيگەن بۆلەك خاراكتېرلىق ئىگىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئىگىمۇ تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇرەككەپ ئىگە قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

بالا - چاقىلىق ئۆيدە نېرى ئولتۇر، بېرى ئولتۇر بولماي قالمايدۇ.

جۈملىنىڭ تەڭداش ئىگىلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇرەككەپ ئىگە قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتىكى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىگىدۇر. مەسىلەن:

قانۇن - تۈزۈم، تەرتىپ - ئىنتىزام ھەرقانداق ئىشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كاپالىتى. ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىلار مەملىكىتىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تايانچ كۈچلىرىدۇر.

**خەۋەر**

خەۋەر جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەركىتى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. خەۋەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىگە بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتىن ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

خەۋەر جۈملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. خەۋەرنىڭ قانداق سۆزدىن تۈزۈلۈشى جۈملىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە جۈملە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى خەۋەر ئارقىلىق ئاددى جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى بولغان بايانىي مۇناسىۋەت (ئىگە — خەۋەرلىك مۇناسىۋەت) ئىپادىلىنىدۇ. باشقا بۆلەكلەرنىڭ كەم بولۇشى جۈملىگە ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىسىمۇ، لېكىن خەۋەرنىڭ بولماي قېلىشى جۈملىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا خەۋەرلەر قانداق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەر

جۈملىدە ئاساسەن پېئىللار خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەر ئىگىدىن ئاڭلاشىلغان ئىش - ھەرىكەت ۋە ھالەتنى ياكى ھەرىكەت جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل خەۋەرلەر پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زامان رايى، دەرىجە ۋە تۈس ھەم بارلىق - يوقلۇق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىپ، ئىگىگە شەخس - سان جەھەتتىن ماسلىشىدۇ.

خەۋەر رايىدىكى پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان ۋە ھازىرقى زامان ھەركىتىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

شەھرىيار ھەمراھلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ، شاھزادە مان سۇنۇق كۆڭلى، غەمكىن چىرايى بىلەن ئوردىدا قاپتۇ.

(«مىلاش بىر كېچە» دىن)

كىتاۋىمىزنىڭ قەھرىمانى ئالماسنى يۇقۇردا «غىل - پال» كۆرۈپ ئۆتتۇق.

(«كۆرەشچان يىللار» دىن)

قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىدۇ. (ماقال)

ۋەتىنىمىز كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، يېزا ئىگىلىگىدىن ئارقا - ئارقىدىن خۇش خەۋەرلەر كەلمەكتە.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش،

تەكلىپ قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ئىش ـ ھەركەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:
قوڭغۇراق ئۇرۇلسۇن، ئوقۇشنى توختات! ھەممەڭ سەپراس بول، ئوقۇغۇچىلار سول تەرەپكە، ئەپەندىلەر ئوڭ تەرەپكە تىزىلىڭلار!......
(«كۆرەشچان يىللار» دىن)
مەملىكىتىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى.
سىز يەنىمۇ تىرىشىڭ.
شەرت رايىدىكى پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ مەقسەت، شەرت، خاھىش، ئۈتۈنۈش، مەسلىھەت قاتارلىق مەزمۇنىدىكى ھەركىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرت رايى-دىكى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەر قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
مال سەمرىسە، ياغ بولىدۇ،
يەر سەمرىسە، باغ بولىدۇ. (ماقال)
ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا. (ماقال)
رەنجىمەي، ماڭا بىردەم ياردەملىشىۋەتسىڭىز.
(2) ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەرلەر
ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش) تىن تۈزۈلگەن خەۋەر خېلى كۆپ. بۇنداق خەۋەرلەر بەزىدە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا، بەزىدە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر بىلەن شەخسلىك پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل-لارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەرلەر جۈملىدە ئىگىنىڭ كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى ھەم قانداق، قانچە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا تەسۋىرىي جەھەتتىن ئىپا-دىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
تىل كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پىكىرلىشىش ۋە بىر بىرىنى چۈشىنىش ۋاستىسى.
پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ھەققىدىكى تەلىماتنى تۇن-جى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كىشى — ماركس.
ياخشى — ئىشى بىلەن ياخشى. (ماقال)
ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، جۈملىدىكى ئىگە بىلەن خەۋەر-نىڭ ئورۇن تەرتىۋى، ئىنتوناتسىيە ۋە تىنىش بەلگىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى بۇلار خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ بايانىي مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن:
ئۇ — ئىشچى، مەن — ئوقۇغۇچى، ساۋۇت — كادىر.
يېزا — بىپايان كەڭ زېمىن.
تىلىمىزدىكى «بار»، «يوق» دىگەن سۆزلەرمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
مەملىكىتىمىزدە 56 مىللەت بار. بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يېزىغى يوق.
ئالمىنىڭ بەرمىگى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىگى. (ماقال)
تۆمۈرچىنىڭ پالتىسى يوق، ياغاچچىنىڭ تۈۋرىگى. (ماقال)

خەۋەرلەر قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددى ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەر ئاددى خەۋەر، بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەر مۇرەككەپ خەۋەر دېيىلىدۇ.

### تولدۇرغۇچى

تولدۇرغۇچى جۈملىدە نەرسە ۋە شەخسنى ئىپادىلەپ، ئۆزى بېقىنغان سۆزگە باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. تولدۇرغۇچى ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتىدىكى سۇبيېكتنىڭ ھەركىتىگە مەلۇم ۋاستە (چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ھەم تىركەلمىلەر) ئارقىلىق باغلانغان ئوبيېكتنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تولدۇرغۇچى ھەركەت ئۆزىگە ئۆتكەن ياكى ھەركەت مەلۇم يول بىلەن باغلانغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك تولدۇرغۇچى ئارقىلىق ھەر خىل ئوبيېكتلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. تولدۇرغۇچىنىڭ قانداق كېلىشتە كېلىشى تولۇقلانغۇچى (باشقۇرغۇچى) سۆزگە باغلىق، تولدۇرغۇچى، ئادەتتە، خەۋەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. بەزىدە باشقا بۆلەكلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن (بۇنداق ۋاقىتتا باشقۇرغۇچى بۆلەكلەر سۈپەتداش ياكى ھەركەت ناملىرىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ). مەسىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

جاپانى چەكمىگەن ئاشىق، ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس. (خەلق بېيىتى)

ئادەمنىڭ سۆلتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا. (ماقال)

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار، ساقالنىڭ تۈۋىدە خەپ بار. (ماقال)

گەپنى تېجىمەلدىن سورا، يولنى كارۋاندىن سورا. (ماقال)

يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن، ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل.

تولدۇرغۇچى ئىش-ھەركەتنىڭ توغرا ياكى يانداش ئوبيېكتى بولغان نەرسە ياكى شەخسنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ياكى تىركەلمىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ھەر قانداق سۆز تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ.

تولدۇرغۇچى سىنتاكسىسلىق رولى ۋە تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1) بىۋاستە (ئۆتۈملۈك) تولدۇرغۇچى

بىۋاستە تولدۇرغۇچى جۈملىدە سۇبيېكتنىڭ ھەركىتىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ياكى ھەركەت ۋە ھالەت ئىپادىلەنگەن سۆزلەرگە بىۋاستە (توغرىدىن-توغرا) باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇنىڭ رەسىمنى كېچە-كۈندۈز يېنىمدىن ئايرىمايمەن.

شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. (ماقال)

بىۋاستە تولدۇرغۇچى چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا

تولدۇرغۇچىنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىشى ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىل تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بەزىدە بىۋاستە تولدۇرغۇچىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى يوشۇرۇنغان (چۈشۈپ قالغان) بولىدۇ. خەۋىرى ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن جۈملىدە بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن) بولماسلىقى پىكىرنىڭ تولۇق ئىپادىلەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ياتاقنى تازىلىدىم—مەن تازىلىدىم.

مەن كىتاب ئالدىم—مەن ئالدىم.

ئۇ دوسكىنى سۈرتتى—ئۇ سۈرتتى.

بۇ جۈملىلەرنى سېلىشتۇرساق، ئالدىنقىلىرىنىڭ پىكىرنى تولۇق ئىپادىلىۋاتقانلىقىنى، كېيىنكىلىرىنىڭ تولۇق ئىپادىلىمەيۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ئوي-پىكىرنىڭ تولۇق بولۇشىدا رولى چوڭ.

بىۋاستە تولدۇرغۇچى جۈملىدە پەقەت ئۆتۈملۈك پېئىللار تەرىپىدىنلا باشقۇرۇلۇپ قالماي، بەلكى ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر بىلەن پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر تەرىپىدىنمۇ باشقۇرۇلىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىرىكمىلەرمۇ ئۆتۈملۈك پېئىل خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرىنى رېمونت قىلىپ چىقتۇق.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز مۇشۇنداق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى.

بىۋاستە تولدۇرغۇچى كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا بەزىدە قوشۇمچىلىق، بەزىدە قوشۇمچىسىز بولۇپ كېلىدۇ. چۈنكى ئوبيېكت بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا ھەرىكەتنىڭ قانداق خاراكتېرغا ئىگە بولۇشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن گىراماتىكىلىق ھالەت ۋە مەزمۇنغا قاراپ تولدۇرغۇچىمۇ قوشۇمچىلىق ياكى قوشۇمچىسىز شەكلىدە كېلىدۇ.

(2) ۋاستىلىق (ئۆتۈمسىز) تولدۇرغۇچى

جۈملىدە ئىش-ھەرىكەتكە ۋاستە بولغان شەيئىنى ئىپادىلەپ، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ياكى تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن تولدۇرغۇچىلار ۋاستىلىق (ئۆتۈمسىز) تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ. ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى ھەرىكەتنىڭ شەيئى بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئۆزى بېقىنىدىغان سۆزگە باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىسىم ۋە ئىسىملاشقان سۆزلەر ھەمدە كىشىلىك ئالماشلار جۈملىدە كۆپرەك ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ۋاستىلىق تولدۇرغۇچىلار چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش ھەم تىركەلمىلەر بىلەن تۈزۈلۈپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. (1) يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى ھەرىكەتنىڭ كىمگە ۋە نىمگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.

گاھى تەدبىر ئۇنى كۆككە ئۇلاشتۇرغان،
گاھى تەقدىر غەم چۆلگە ئۇلاقتۇرغان. (نىمشېھىت)

(2) چىقىش كېلىشتە كەلگەن ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى ئىش-ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك

شەيئىنىڭ چىقىش مەنبەسىنى، ئىش - ھەركەتنىڭ چىقىش ئورنى ھەم ۋاقتىنى، بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىدىن ئارتۇق ياكى كەملىگىنىڭ سېلىشتۇرۇلغانلىغىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىنقىلاۋي دېموكراتىزىمدىن ماركسىزىمغا ئۆتۈش يولى بىر كېچىدىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس، جاپالىق كۆرەشلەرنىڭ سىنىغىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. (ئىش - ھەركەتنىڭ چىقىش مەنبەسى)

كېيگەن كۆينىگىڭ مەشرو - يىپەكتىن، (نىمىدىن ئىشلەنگەنلىگى)
خۇشخۇي ئۈينىشىڭ ئۆتەر يۈرەكتىن، (ھەركەت ئورنى)
قىيا بېقىشىڭ غۇنچە - پۆرەكتىن. (ئوخشىتىلغان شەيئى)
ئارام جانىم، گۈلزارىم ئۇسسۇل.
(نىمشېھىت)

(3) ئورۇن - ۋاقىت كېلىشتە كەلگەن ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى ھەركەت ياكى ھالەتنىڭ ئورنى ھەم ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تۆمۈر ئوتتا تاۋلىنىدۇ، ئادەم مېھنەتتە تاۋلىنىدۇ.

دۇنيادا ئۆز - ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ھەممىدىن كۆپرەك خالايدىغانلار — پرولېتارىيات.

كەچ كۈرسى ئاچقاندا بىزنىمۇ قاتناشتۇرۇڭلار.

(4) ئىزكەلمىلەر بىلەن كەلگەن ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى ئىش ھەركەت ۋە خۇسۇسيەتكە ۋاستە بولغان ئوبيېكتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «بىلەن» ئىزكەلمىسى كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى بىللىلىكنى، «ھەققىدە»، «توغرىسىدا» ئىزكەلمىلىرى بىلەن كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىلار ئىش - ھەركەتنىڭ بىرەر ئوبيېكت ھەققىدە بولغانلىغىنى، «ئۈچۈن» ئىزكەلمىسى بىلەن كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى ھەركەت قارىتىلغان ئوبيېكتنى، «تەرىپىدىن» ئىزكەلمىسى لوگىك سۇبيېكت قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈلخان تەبىئى خۇش پېئىللىغى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى.

بىز تىل ھەققىدە دوكلات ئاڭلىدۇق.

ئۇ شېئىر توغرىسىدا سۆزلىدى.

ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئۆزى ئۈچۈن تۇتۇش بولغان ئىككى نەرسە تۇراتتى.

مەيلى بىۋاستە تولدۇرغۇچى ياكى ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى بولسۇن، ئۇلار ئاددى ياكى مۇرەككەپ شەكىلدە بولىدۇ.

### ئېنىقلىغۇچى

ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە شەيئىنىڭ بەلگىسى، كىمگە ۋە نىمىگە قاراشلىق ئىكەنلىگى، نىمىدىن ياسالغانلىغى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئېنىقلىغۇچى جۈملىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىملاشقان ئېنىقلىغۇچى بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما (بىرىكمە) ھاسىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۇندەش، باغلىغۇچى، ئىزكەلمە ۋە يۈكلىمىلەردىن باشقا ھەرقانداق سۆز جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. شۇنىڭدەك

ئېنىقلىغۇچى سۆزگە ياندىشىش ۋە ماسلىشىش (كېلىشىش) يولى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە گۈزەل ۋە نەپىس تۈس بېرىش رولىنى ئويناپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

نىگار ئايىم پاكار بويلۇق، پىستە كۆزلۈك، سېرىق تەنلىك، يۈزىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدىكى چېچەك ئىزلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، چىرايلىقىنا بىر خوتۇن ئىدى.

(«مېھراپتىن چايان» دىن)

ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى (بار). (ماقال)

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى (تاتلىق) (ماقال)

ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىغا قانداق سىنتاكسىسلىق يول بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) ياندىشىش ئېنىقلىغۇچى

ياندىشىش ئېنىقلىغۇچى قوشۇمچىسىز، پەقەت ئورۇن تەرتىۋى جەھەتتە ياندىشىش ئارقىلىق ئېنىقلانغۇچىغا باغلىنىپ كېلىدۇ (ئۇلار باش كېلىشتە كەلگەن سۈپەت، سان، ئالماش، ئىسىم، تەقلىدىي سۆز ۋە سۈپەتداش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ). مەسىلەن:

ياخشى دېھقان ئۇلاقنى باقىدۇ، يامان دېھقان قامچىسىنى قاقىدۇ. (ماقال)
كۈنلۈك ئىش قىلساڭ سەھەردىن باشلا،
يىللىق ئىش قىلساڭ باھاردىن (باشلا). (ماقال)
ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا. (ماقال)

بۇ گۈزەل قىز ئاق سېرىق رەڭدە يارىتىلغان ئىدى.

(«مېھراپتىن چايان» دىن)

2) كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئېنىقلىغۇچىغا شەخس ۋە ساندا كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئېنىقلىغۇچى كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ. كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچى تەۋەلىك ۋە تەۋەلىنىشتىن ئىبارەت چىرمىشىش مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېنىقلانغۇچىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان باشقا سۆزلەرنى قوشۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز كۈندىن - كۈنگە تەرەققى قىلماقتا.
سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق.
مېنىڭ سۆزۈمنى ئېسىڭدىن چىقارما.
گۈكشىنىڭ چارۋىلىرى خېلى چىقىمغا ئۇچرىدى.

بەزى جۈملىلەردە بىر كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى بىر قانچە تەڭداش ئېنىقلانغۇچىغا باغلىنىپ، ئۇلارنى بىردەك ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەملىكىتىمىزنىڭ سانائىتى، دېھقانچىلىقى ۋە چارۋىچىلىقى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.
تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق.

كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى بەزىدە قوشۇمچىسىز كېلىدۇ. يەنى بۇنداق ئېنىقلىغۇچىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن قوشۇمچە چۈشۈپ قالسىمۇ، بۇ خىل ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى تەۋە-

لەش ۋە تەۋەلىنىش مۇناسىۋىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بۇلاق سۈيى ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ.

خەلق مۈلكىگە خىيانەت قىلماسلىق كېرەك.

ياز كۈنى قىشنىڭ غېمىنى قىلىۋېلىش لازىم.

ئېنىقلانغۇچىلارمۇ باشقا بۆلەكلەرگە ئوخشاش، ئاددىي ياكى مۇرەككەپ شەكىلدە كېلىدۇ.

**ھالەت**

ھالەت جۈملىدە خەۋەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتى، بەلگىسى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئاساسەن، پېئىل خاراكتېرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بۆلەكلەرگە ياندىشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، ئۆزى باغلانغان سۆز بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مەسىلەن:

ساناقسىز چاچ ئۆرۈملىرى ئۇنىڭ كەينىنى پۈتۈنلەي قاپلىۋالاتتى.

(«مېھرابتىن چايان»دىن)

دوزاق ئۆتمۈشتە ئەللىك يىل قوتاندامال بىلەن ياتتىم،<br>
ئامالسىز ئىككى ئوغلۇمنى بىگىمگە قول قىلىپ ساتتىم.

ھالەتلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ۋە بەلگىسىنى ئىپادىلەيدىغان رەۋىشلەردىن ھەم رەۋىش رولىدا كەلگەن باشقا سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بەزىلەر جۈملىدە ئورۇن-ۋاقىت كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە يۆنىلىش (بېرىش) كېلىشلەردە كەلگەن ۋاقىت-ئورۇن (جاي) نى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ھالەت دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. بىز بۇ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزى بېقىنغان سۆزگە باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تولدۇرغۇچى قاتارىغا كىرگۈزدۇق.

**كېڭەيگەن بۆلەك**

ئەسلىدە مەلۇم ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ۋە بايانىي مۇناسىۋەت ئىپادىلەنگەن ئاددىي جۈملە بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىر ئاددىي جۈملىنىڭ تەركىۋىدە كېلىپ، ئۇنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى ئېنىقلاش، تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان جۈملىلەرمۇ بولىدۇ. بۇلار جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلىكى دېيىلىدۇ.

جۈملىدە كېڭەيگەن بۆلەكلىك ۋەزىپىدە كەلگەن ئاددىي جۈملە ئەسلىدىكى جۈملىلىك خۇسۇسىيىتى (ئىگە-خەۋەرلىك مۇناسىۋەت، ئۆزىگە خاس جۈملىلىك ئىنتوناتسىيە ۋە ئاياقلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىكى) نى يوقاتقان بولىدۇ. ئۇنى شۇ جۈملىنىڭ تەركىۋىدە تۇرغاندا، ئايرىم جۈملە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا جۈملە تەركىۋىدە كەلگەندە، ئادەتتىكى جۈملە بۆلەكلىرىدەك سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرۇپ كېلىدۇ. كېڭەيگەن بۆلەكلەر، كۆپىنچە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلىك ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان، پەقەت ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بار دىگۇدەك بولغان، مەنپەئەتى، قانۇنى، ھۆكۈمىتى ۋە چېگرا بېجى باشقا ـ باشقا بولغان رايونلار ئەمدىلىكتە بىر تۇتاش ھۆكۈمەتكە، بىر تۇتاش قانۇنغا، بىر تۇتاش مىللى ـــ سىنىپىي مەنپەئەتكە ۋە بىر تۇتاش چېگرا بېجىغا ئىگە بىر دۆلەت بولۇپ بىرلەشتى.

(«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دىن)

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆتكەن ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى ـــ سىنىپىي كۆرەش تارىخى ئىكەنلىگىنى بۇرۇنلا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

بۇ جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسىدىكى كېڭەيگەن بۆلەك ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە، ئىككىنچىسىدىكى كېڭەيگەن بۆلەك تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

يۇقۇرقى مىساللاردىن كۆرۇشكە بولىدۇكى، كېڭەيگەن بۆلەكلەرمۇ ئۆزئارا تەگداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ، مەلۇم بىر بۆلەككە باغلىنىپ تەگداش بۆلەك ھاسىل قىلىدۇ.

ئاپتور سۆزىنىڭ تەركىۋىدە كەلگەن كۆچۈرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەرمۇ كېڭەيگەن بۆلەك ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق جۈملىلەر ئاپتور سۆزىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىگىنى ئېنىقلاش ۋە تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

### تەگداش بۆلەكلەر

بەزىدە بىر بۆلەك بىر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرسا، بەزىدە بىر قانچە بۆلەك بىر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرىدۇ. بۇنداق بۆلەكلەر بىر بىرىگە بېقىنمايدۇ، ئۆزئارا تەگداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىپ، ئورتاق ھالدا باشقا بىر بۆلەك بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بىر خىل سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ.

ئېغىزدا ئىنتونانسىيە، يېزىقتا پەش ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

ئۆزئارا بېقىنماي (تەگداشلىق مۇناسىۋەتتە) باغلىنىپ كېلىپ، ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بۆلەكلەر تەگداش بۆلەك دىيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئورۇق ـ تۇققانلار، خوشنا ـ خولۇملار ۋە كادىرلار ئۇلارنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى.

خوتۇن ـ قىزلار جىنسىدىن ئىرادىسى كۈچلۈك، ھەتتا ئەرلەردىنمۇ جەسۇرراق شەخسلەرنى ئۇچرىتىمىز.

(«مىھراپتىن چايان» دىن)

جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا ھەر قانداق بۆلىگى تەگداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ تەگداش بۆلەكنى ھاسىل قىلىدۇ.

## 3 . جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ـــ جۈملە تۈزۈشتە ناھايىتى مۇھىم نەزىرىيىۋى ۋە ئەمىلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋىگە ئائىت قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ۋە ئىگەللەش نۇتۇق ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى ھەر خىل گىراممانىكىلىق شەرت ـ شارائىتلارغا ئاساسەن،

جۈملىدە مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ. مانا بۇ، توغرا ۋە نورمال تەرتىپ ھېساپلىنىدۇ. نورمال تەرتىپ ئۆزگەرتىلسە، غەيرى نورمال تەرتىپ بارلىققا كېلىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ قانداق تەرتىپتە ئورۇنلىشىشى ھەر بىر تىلنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىگىگە باغلىق، ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن، مەلۇم نورمال تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولسا، بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. كېلىشىش (ماسلىشىش) يولى ۋە باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بۆلەكلەرنىڭ ئورنى تۇراقسىز بولغانلىقتىن، ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. يانداشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن بۆلەكلەرنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئورنى تۇراقسىز بۆلەكلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمەيدۇ؛ ئورنى تۇراقلىق بۆلەكلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا، سىنتاكسىسلىق — قۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، ھەتتا ئوي — پىكىر خاتا ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: «مۇنەۋۋەر — ئوقۇتقۇچى»، «ياسىن — تېخنىك» دېگەن جۈملىلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ، «ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر»، «تېخنىك — ياسىن» دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپلا قالماي، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىرىپ، جۈملە بولماي قالىدۇ. مەسىلەن:

دېخانچىلىق مەيدانىدىكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر خۇشال - خۇراملىق بىلەن دەسلەپ ئېچىلغان پاختىلارنى تەرمەكتە، دېگەن جۈملىدە «خۇشال - خۇراملىق بىلەن» دېگەن ھالەت ئۆز ئورنىدا كەلمىگەنلىگى ئۈچۈن، جۈملىنىڭ مەزمۇنىدا لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بەرگەن، يەنى «خۇشال - خۇراملىق بىلەن» دېگەن ھالەت «دەسلەپ ئېچىلغان پاختىلارنى» دېگەن تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. ئەسلىدە ئۇ «تەرمەكتە» دېگەن خەۋەرنىڭ ئالدىدا يانىشىپ كەلگەن بولسا، توغرا بولغان بولاتتى.

دېمەك، جۈملە بۆلەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ نورمال ئورۇن تەرتىۋى ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىر پۈتۈن جۈملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ قانداق ئورۇندا كېلىشى شۇ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنىغا ھەمدە شۇ بۆلەكنىڭ باشقا بۆلەكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە (ئاددى يىغىق ياكى يېيىق جۈملە) باغلىق.

ئومۇمەن، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدىكى نورمال ئورۇن تەرتىۋى مۇنداق بولىدۇ: خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا، ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا، ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا، ھالەت ئۆزى باغلىنىپ كېلىدىغان بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋىگە دائىر بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ھەر بىر بۆلەكنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز:

**1) ئىگىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى**

باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ئىگە ئالدىدا، خەۋەر ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

كۆن ئېتىپ كەتتى. مەنمۇ ئوقۇيمەن.

سائادەت ـــ ئوقۇغۇچى.

باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردىمۇ ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكىن مۇنداق جۈملىلەردە ئىگىنىڭ خەۋەر بىلەن قاتار كېلىشى ياكى ئۇنىڭدىن يىراق كېلىشى شۇ جۈملىدىكى ئەگەشمە بۆلەكنىڭ قايسىسى باش بۆلەككە تەۋە (قايسىسى باش بۆلەك بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا) بولۇشىغا باغلىق. شۇڭا باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ئىگىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى مۇنداق بولىدۇ:

(1) ئەگەر جۈملە ئىگىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئىگە خەۋەر بىلەن قاتار كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەلۇم دەرىجىدە ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە كوممۇنىستلار ئۆگىنىشى كېرەك.

بېيجىڭغا بارىدىغان بارلىق ۋەكىللەر كېلىپ بولدى.

ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى باشلىنىپ كەتتى.

(2) ئەگەر جۈملە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئىگە خەۋەردىن يىراق (ئەگەشمە بۆلەكلەردىن ئىلگىرى) كېلىدۇ. مەسىلەن:

روبېرت فوردون ياش ۋاقتىدا رەسسام بولۇشنى ئويلىغان ئىدى.

غەربىي گېرمانىيە يېقىندا دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك قۇياش ئېنېرگىيىسى ئۆيىنى ياساپ چىقتى.

(3) ئەگەر جۈملە ئىگىگىمۇ، خەۋەرگىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئىگە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا (ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەردىن كېيىن، خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەردىن ئىلگىرى) كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىرتقى سەۋەبلەر تەسىرىدىن بولىدىغان يۈرەك ھەركىتى ۋە نەپەس توختاپ قېلىش، كۆپىنچە، سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىش بىلەن توك سوقۇۋەتكەن ۋاقىتلاردا ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئادەملەرنىڭ ھاۋا ئۆتۈش يوللىرى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بىرىنچى خىلدىكى جۈملىلەردە ئەگەشمە بۆلەك ئىگىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىگىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىلغا كىرىدىغان، خەۋىرى پېئىللاردىن ياكى پېئىل خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىگە قىسمىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بىر «ئالغا» گۇڭشېسىغا باردۇق.

«ئالغا» گۇڭشېسىغا بىر باردۇق.

60 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر ئادەم ناھىيىلىك ماشىنا سايمانلار رېمونت زاۋۇدىغا كىرىپ كەلدى.

ناھىيىلىك ماشىنا سايمانلار رېمونت زاۋۇدىغا 60 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر

ئادەم كىرىپ كەلدى.

يۇقۇرقى ئۈچ خىل جۈملىلەردە ئىگە يەنىلا خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ نورمال تەرتىپ بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئىگىنىڭ غەيرى نورمال تەرتىپتە (خەۋەردىن كېيىن) كېلىشى تۆۋەندىكىدەك ھاللاردا كۆرۈلىدۇ:

(1) پوئېزىيە ۋە ماقال - تەمسىللەردە شېئىرىي ئىستىلىستىكىلىق تەلەپلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىگە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەرت يىگىتكە ياغىدۇ ئالقىش،
نامەرتلەرنى كۆمىدۇ قاغىش.
چىغ يۈرەكلەر ئىسستار ئەلنى،
باغرى مۇزدا بولماس ئىنتىلىش.

(بوغدا ئابدۇللا)

ھېچنەدە يوق ئىدى بۇ دوغا، نەدىن چىقتى بۇغوۋغا. (ماقال)

(2) ئېغىز ۋە يازما نۇتۇقتا ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىدىن كېيىن كەلگەندە، ئىگە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

— ياخشى قىلغان ئىكەن، — دېيىشتى جۇما، شانىيازلار.

(«كۈرەشچان يىللار»دىن)

**2) خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى**

باشقا بۆلەكلەرگە قارىغاندا خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى نىسبەتەن تۇراقلىق. نورمال تەرتىپ بويىچە ئېيتىلغان ئادەتتىكى جۈملىلەردە خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق. (ماقال)
ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ. (ماقال)
ئۆزەمنىڭ راست دىگەن كۆپنى كۆرمەس. (ماقال)
ئاتىسى تۇرۇپ سۆزلىگەندىن بەز. (ماقال)

خەۋەرنىڭ جۈملە ئاخىرىدا كېلىشى — ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. لېكىن مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن غەيرى تەرتىپتە تۈزۈلگەن جۈملىلەردە خەۋەرنىڭ جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىشى مۇمكىن. بۇ تۆۋەندىكىدەك كۆرۈلىدۇ:

(1) شېئىرىي ئەسەرلەردە قاپىيە، ئاھاڭ، رىتىم ۋە باشقا تەلەپلەرگە ئاساسەن، خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلىرىم قاتتىق تېگىپ كەتتىمۇ يارىم كۆڭلىگە،
سۆكسە ئاشىق مەشۇغىنى، ئەيىب ئەمەس مەستانىگە.
بىر كۈن تىكلىنۇر ھۆرلۈك بايرىغىم،

قات ـ قات ئىچىلۇر گۇللۇك ياپرىغىم.
تىكىلمەكتە تەبىئەت شۇ گۈزەلگە،
قولاق سېلىپ گۈزەل ئېيتقان غەزەلگە.
(«قەشقەر ئاۋازى»دىن)

(2) شۇئار، بۇيرۇق، خىتاپ، ئۇندەش مەنىلىرىدە ئېيتىلغان جۈملىلەردە نۇتۇقنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ۋە تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ياشىسۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى!
قوي ئۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭنى!

(3) ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا كەلگەندە، خەۋەر ئىگىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن:

ــ خەپ مۇناپىق! سەن تېخى قولغا چۈشمەسەن، ــ دىدى ئالماس ئۇنىڭغا قاراپ.
(«كۆرەشچان يىللار»دىن)

ــ ئەسلىدە، ــ دىدى تىۋىپ قاسىمغا قاراپ، ــ ئاتىڭىز يىلان تۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمكەن ـ دە؟
(«شىنجاڭ گېزىتى»دىن)

3) تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

مەيلى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى بولسۇن، ئادەتتە تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكىن جۈملە ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ھەر خىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىۋەرمەيدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

(1) پەقەت ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىدىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەردە تولدۇرغۇچى خەۋەردىن ئىلگىرى، ئىگىدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

چارە ـ تەدبىر تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشتىن كېلىدۇ.
بىز تارىخنى ئۈزۈپ قويالمايمىز.
ئۇ بازارغا كەتتى، مەن پويىز بىلەن كەلدىم.

(2) بىر تولۇقلانغۇچىغا باغلىنىپ كېلىدىغان ھەر خىل تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئالاقىسىغا ۋە لوگىكىلىق ئۇرغۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باغلىق. ئەگەر بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى قاتار كەلسە، ئادەتتە، ئاۋال ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى، ئاندىن بىۋاستە تولدۇرغۇچى كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز مەسىلىگە ئومۇمىيۈزلۈك قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.
سىلەرنىڭ بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدۇق.

بۇ ئاھاڭ نەمۇنچى قىزنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق ئويلارنى سېلىپ قويدى.

بەزىدە بۇ تەرتىپنىڭ ئەكسىچە (بىۋاستە تولدۇرغۇچى ئىلگىرى، ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى كېيىن كېلىدىغان) ئەھۋال ئۇچرايدۇ، مۇنداق ۋاقىتتا بىۋاستە تولدۇرغۇچى ئىپادىلىگەن مەنە تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەمدى دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن.

بۇ شېئىرنى ۋەتەنگە بېغىشلاپ يازغان ئىدىم.

سىلەرنى شىنجاڭ. داشۆدە كۆرگەن ئىدۇق.

(3) يۆنۈلۈش كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچى چىقىش ۋە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ھەمدە توغرىلىق، ھەققىدە، بىلەن قاتارلىق تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن تولدۇرغۇچىدىن ئىلگىرى كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ، قىزغا گەپ ئارىسىدا بىرەر كىشى بىلەن تونۇشقان-تونۇشمىغانلىقى ھەققىدە سۆز قىلدى.

ئۇنىڭغا بىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ!

بەزىدە يۆنۈلۈش كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچى چىقىش كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇ-چىدىن كېيىن كېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا باشقا سۆزنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

مىش-مىش گەپلەر قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇرۇمچىدىن قەشقەرغە بىرنىشتا ئايرۇپىلانغا ئولتۇردۇم.

(4) تەڭداش تولدۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىدىكى ئۆزئارا ئورنى تۇراقسىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، تەڭداش تولدۇرغۇچىلار بىر تولۇقلانغۇچىغا ئورتاق باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىز ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پارتىيىنى قىزغىن سۆيىمىز، دىگەننى «بىز پارتىيىنى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز» دىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكىن ئىستىلىستىكىلىق سەۋەپلەر ۋە شېئىرىيەتتىكى قاپىيە، ۋەزىن، رىتىم تەلىۋى بىلەن تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇ شېئىرىيەتتە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ھايات ئېرىشتى ئۆچمەس چىراققا،
قۇش دەۋرى كەتتى بىزدىن يىراققا.
ئويغىتىپ خىياللارنى ئەشئار چېقسۇن دىلىڭدىن،
تەسىر يېتىپ يۈرەككە مۇڭلار قونسۇن تىلىڭدىن.

(«قەشقەر ئاۋازى»دىن)

**4) ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى**

ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدە قانداق ئورۇندا كېلىشى ئېنىقلانغۇچىغا باغلىق. شۇڭا

نورمال تەرتىپ بويىچە، ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكىن ئىنقىلىغۇچىنىڭ ئىنقىلانغۇچىغا باغلىنىش يولى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانغۇچىغا ماسلىشىش (كېلىشىش) يولى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جۈملىدە ئىنقىلانغۇچى بىلەن قاتار كەلسىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن يىراق كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇنداق ئىنقىلانغۇچىنىڭ قايسى بۆلەك بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كېلىۋاتقانلىقى ئىنقىلانغۇچىدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى ئاقتى.

مالچىنىڭ بۇ ئەتراپتا ئايىغى تەگمىگەن تاغ - تاش يوق دېيەرلىك.

ھازىرقى زامان دوختۇرخانىلىرىدا مۇھىتنىڭ جىمجىتلىقى، بالنىتسا دەرىزىلىرىنىڭ يورۇقلىقى، يوتقان - كۆرپە، ئۈستەل، ئورۇندۇق، كارۋاتلارنىڭ پاكىزلىقى، ھەمشىرىلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كېسەل ئالدىدا ھازىر بولۇپ، ئوكۇل سېلىپ دورا بېرىشى كىشىلەردە ئازادىلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

لېكىن شېئىرىيەتتە ۋە غەيرى نورمال جۈملىلەردە ئىستىلىستىكىلىق تەلەپ ۋە قاپىيە، ۋەزىن، رىتىم ئېتىۋارى بىلەن ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانغۇچىدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاڭلىنار ھەر ياقتىن ناغرا تاۋۇشى،
يۈرەكتە جۇش ئۇرار شاتلىق ئۆركىشى،
تەكتىنى سورىساڭ مۇشۇ مەرىكىنىڭ،
پەرزەنتلەر ھەربىگە ئۇزىتىلىشى.

(بوغدا ئابدۇللا)

ئارىلىق قانچىلىك يىراق بولسىمۇ،
قەلبىمىز شۇنچىلىك يېقىن بىزلەرنىڭ.
دەريالار قويۇلۇپ بولدى چوڭ دېڭىز،
مېھرىڭىز قوشۇلدى دىلغا سىزلەرنىڭ.

(«قەشقەر ئاۋازى»دىن)

(2) ياندىشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن ئىنقىلىغۇچى ھەر دائىم ئىنقىلانغۇچىنىڭ ئالدىدا قاتار كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى بىرقەدەر تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ئىنقىلايدىغان بۆلەكتىن يىراق كەلسە، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بىر جۈملىدە ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن ئىنقىلىغۇچى بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن ئىنقىلىغۇچى بىر ئىنقىلانغۇچىغا باغلىنىپ كەلسە، ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانغۇچىدىن يىراق، ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئىنقىلىغۇچى يېقىن (قاتار) كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ھەممىگە تونۇش.

ئۈرۈمچى كوچىلىرىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان ئېلېكتىر چىراقلىرى پۈتۈن شەھەرنى يورۇتۇۋەتتى.

(3) تەگداش ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى تۇراقسىز بولىدۇ. تەگداش ئېنىقلىغۇچىلار تەڭ دەرىجىدە بىرلا ئېنىقلانغۇچىغا باغلىنىپ كەلگەنلىگى ئۈچۈن، ئەگەر ئۇلارنىڭ رەت-تەرتىۋىگە تەسىر يەتمىسىلا، ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كەڭ رايونلار — دۇنيانىڭ ھەر خىل زىددىيەتلىرى مەركەزلەشكەن رايونلاردۇر.

(4) دەرىجىلىك (قاتارى) باغلىنىشتىكى ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بىر بىرىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا ئېنىقلانغۇچىغا دەرىجىمۇ-دەرىجە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسى بولۇپ چىقتى.

بۇ رايونلاردىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر بىلەن خەلقارا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەر زامانىمىزدىكى ئىككى چوڭ تارىخىي ئېقىمدۇر.

5) ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھالەت ئۆزى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بۆلەككە ياندىشىش يولى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئورنى بىرقەدەر تۇراقلىق بولۇپ، ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن بۆلەكنىڭ ئالدىدا قاتار كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىنقىلاۋىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

جاراڭلىق تەمبۇرنى ئالدىم، تەرەننۇم تارىنى چەكتىم،
تاپاي دەپ بىر نەپەس ئىلھام مۇخۇركامنى شۇئان چەكتىم.
مۇقامىم شۇ گۈلۈستاندا قۇشلارنى تىلغا كىرگۈزدى،
سەۋەپكى سۆيگۈ دەشتىدىن ئەجەپ قاتتىق جاپا چەكتىم.

(«قەشقەر ئاۋازى»دىن)

رەۋىشلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھەر خىل ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى بولغانلىقتىن، ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن تۈزۈلگەن ياندىش ھالەتلەر ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن بۆلەك بىلەن قاتار كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قانداق بۆلەككە باغلىنىپ كەلگەنلىگى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغاچقا، جۈملە مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

ئۆتكەن يىل دىخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى،

دىخانچىلىقتىن ئۆتكەن يىل مول ھوسۇل ئېلىندى.

تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە چەتئەللىك مېھمانلار كەلدى.

چەتئەللىك مېھمانلار ئۈرۈمچىگە تۈنۈگۈن كەلدى.

(2) شېئىرىيەتتە قاپىيە، ۋەزىن، رىتىم ئېھتىياجى بىلەن بەزى ھالەتلەر ئۆزى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بۆلەكتىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت قىسمەن ھالەتلەردىلا

ئىبارەت. مەسىلەن:

ئۈزۈم ئۇخشىدى شۇنچە،
تەرتۆككەچكە ئەرلەرچە.

(بوغدا ئابدۇللا)

چىشنى ساناپ باقسام تۆتى قاپتۇ لىگىلداپ،
بىر غېرىچ توپلەي كىيىپ يورغىلايدۇ دىگىلداپ.

(«قەشقەر ئاۋازى»دىن)

(3) تەگداش ھالەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى تۇراقسىز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ، بىر بۆلەكنى ئورتاق ئېنىقلاپ كەلگەنلىگى ئۈچۈن، ئۆزئارا ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يىلمۇ-يىل، پەيدىن-پەي ياخشىلاش لازىم.

باغدا پىشتى مەي باغلاپ،
تەمى خۇددى قەن ئەنجۈر.
تاۋلىنىپ، كۆلۈپ شاختا،
دىلنى تارتىسەن ئەنجۈر.

(«قەشقەر ئاۋازى»دىن)

جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە كېلىشى مۇھىم بىر سىنتاكسىلىق ھادىسە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى سىنتاكسىلىق باغلىنىشنىڭ مۇھىم شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنىڭ ئالاھىدىلىگىنى كۆرسىتىدىغان ئۇسلۇبىي ئامىلدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشكە سەۋەپچى بولىدىغان ئامىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن-تەرتىۋى جەھەتتىكى قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئەدەبىي تىلدا بۇ قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىش بەكمۇ زۆرۈر.

### 4-§. جۈملە بىلەن گىراممانىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر

جۈملە تەركىۋىدىكى بەزى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى باشقا بۆلەكلەر بىلەن سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەت ۋە سىنتاكسىلىق باغلىنىشتا بولالمايدۇ، يەنى ئۇ ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىلىق ۋەزىپە ئاتقۇرالمايدۇ ياكى جۈملىنىڭ رەسمى بۆلىگى بولالمايدۇ. مۇنداق سۆزلەر جۈملە بىلەن گىراممانىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر دىيىلىدۇ. مەسىلەن:

سۆيۈملۈك يېلداشلار، مىنىڭ سىلەرگە دەيدىغان سۆزۈم بار ئىدى.

پاھ، تازىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك گەپ قىلدىڭىزا، ئۇكا!

گۈلنۇر ئۆز ۋەزىپىسىنى، سۆزسىز، ياخشى ئورۇنلايدۇ.

يۇقۇرقى مىساللاردا ئاستىغا سىزىلغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئوي-پىكىر قارد-

تلغان شەخسنى سۆزلگۈچىنىڭ ھىس - تۇيغۇسنى ۋە پكرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا نسبەتەن ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، لېكىن ئۇلار مۇشۇ جۈملىلەردىكى باشقا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى (جۈملە بۆلەكلىرى) **بىلەن** سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشتا بولمىغان ياكى ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرمىغان. **شۇڭا ئۇلار** ئېلىپ تاشلانسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

جۈملە **بىلەن** گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ئاغزاكى نۇتۇقتا ئىنتۇناتسىيە ۋە فائۇزا ئارقىلىق، يېزىقتا بولسا، پەش ئارقىلىق جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

جۈملە **بىلەن** گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر جۈملىدە ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ۋە مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئىزاھلىغۇچى، قاراتما سۆز، قىستۇرما سۆز ۋە ئۈندەش سۆز دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

## 1 . ئىزاھلىغۇچى

جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىدىن باشقا تەركىپلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئىزاھلىغۇچىدۇر. ئىزاھلىغۇچى **بىلەن** ئېنىقلىغۇچى بىر چۈشەنچە ئەمەس، ئۇلار بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

بۇ پەرقلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئېنىقلىغۇچى ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن بۆلەك (ئېنىقلانغۇچى) دىن ئىلگىرى كېلىدۇ. ئەمما ئىزاھلىغۇچى ئىزاھلانغۇچىدىن كېيىن كېلىپ ئېغىزدا ئالاھىدە ئىنتۇناتسىيە، يېزىقتا مەلۇم تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

(2) ئېنىقلىغۇچى **بىلەن** ئېنىقلانغۇچى مەنە جەھەتتىن تەڭ بولمايدۇ، ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچى مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ.

(3) ئېنىقلىغۇچى **بىلەن** ئېنىقلانغۇچى (كېلىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كەلمەيدۇ، ئىزاھلىغۇچى **بىلەن** ئىزاھلانغۇچى بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ.

(4) جۈملىدە ئېنىقلانغۇچى چۈشۈپ قالسا، ئېنىقلىغۇچى ئۇنىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرالمايدۇ. ئىزاھلىغۇچى ئىزاھلانغۇچى چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىدا كېلىپ ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرالايدۇ، لېكىن ئىزاھلانغۇچى چۈشۈپ قالمىغان شارائىتتا ئىزاھلىغۇچى جۈملىنىڭ رەسمىي بۆلىكى بولالمايدۇ. مەسىلەن:

كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى — شۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا، تەبىئىي، پەقەت يوشۇرۇن تەشكىلات بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولغان بۇ خەلقارا ئىشچىلار تەشكىلاتى، 1847 - يىلى 11 - ئايدىكى لوندون قۇرۇلتىيىدا ئىككىمىزگە ئېلان قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان مۇكەممەل ۋە ئەمەلىي پارتىيە پروگراممىسىنى تەييارلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىدى («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دىن)

بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان مۇرەككەپ بىرىكمىدىن تۈزۈلگەن ئىزاھلىغۇچى

ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى «كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى» دىگەن ئىگىنى ئىزاھلاپ كەلگەن ھەمدە جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىن تىنىش بەلگىلەر ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

جۈملىدە جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئىزاھلاپ - ئېنىقلاپ كېلىدىغان تەركىپ ئىزاھلىغۇچى دىيىلىدۇ.

ئىزاھلىغۇچى ئۆزى ئىزاھلايدىغان نەرسە ياكى شەخسنى باشقا بىر نام بېرىش يولى بىلەن ياكى باشقىچە چۈشەندۈرۈش يولى بىلەن ئىزاھلايدۇ. ئىزاھلىغۇچى ھەر خىل سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن ئىزاھلانغۇچىغا (جۈملە بۆلىكىگە) باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ (ل. مۇتەللىپ) غۇلجىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.

قاراغۇجىلار (باھارنىڭ خەۋەرچىلىرى) ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەلدى.

سىزنى بۈگۈن (يەكشەنبە) سائەت 2 دە چايغا تەكلىپ قىلىمىز.

ئىزاھلىغۇچىلار بىر سۆزدىن، سۆز بىرىكمىسىدىن، ھەتتا جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىزاھلىغۇچى يەنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىچە ئېيتقاندا دىگەنگە ئوخشاش سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىزاھلانغۇچىغا باغلىنىپ كەلگەندە، يېزىقتا تىرناق ئىچىگە ئېلىنمايدۇ. بۇلار قوللىنىلمىغاندا بولسا، تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدۇر، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىل ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، بىر بىرىنى چۈشىنىدىغان ۋاستىسىدۇر.

بىزنىڭ زاۋۇت يەنى ئۆكتەبىر تىراكتۇر زاۋۇدى ئۈرۈمچىگە جايلاشقان.

ئىزاھلىغۇچىلار بەزىدە پەش ئارقىلىق، بەزىدە تىرناق ئىچىگە ئېلىش ياكى ئىككى تەرىپىگە سىزىق قويۇش ئارقىلىق ئايرىپ كۆرسىتىلىدۇ.

## 2. قاراتما سۆز

قاراتما سۆزلەر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى قارىتىلغان شەخس ياكى نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈلشەنجان، گۈلشەنجان، ئامانمۇسىز - تېچمۇسىز؟ سەرپالار قۇتلۇق بولسۇن!

مەن خاتالىشىپ يۈرگەن ئىكەنمەن - دە، بالام!

(«مېھرىپەتسىز چايان» دىن)

ئەزىز سەن بىزنىڭ تۇشۇغان تېشمىزنى ھىساپلاپ كۆر.

(«ئاۋرال شاماللىرى» دىن)

يولداشلار، سىلەرنىڭ تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

جۈملىدە قاراتما سۆز ۋەزىيىتىدە كېلىدىغان سۆزلەر، ئاساسەن، باش كېلىشتە كەل-

گەن كىشى ئىسمى ۋە سۇبېكتىپلاشقان بىر قىسىم سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئىگىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇندەش ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىلىدىغانلىقى جەھەتتىن ئىگىدىن پەرقلىنىدۇ.

قاراتما سۆزلەر بەدىئىي ئەسەرلەردىكى دىئالوگلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ ۋە ئۇندەش، سوراق ۋە بۇيرۇق جۈملىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. قاراتما سۆزلەر بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن ئاددىي شەكىلدە، سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ شەكىلدە ۋە تەكرار شەكىلدە مۇناسىۋەتتە تۈزۈلگەن تەكداش قاراتما سۆز شەكىلدە كېلىشىدۇ. ئۇلار جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جۈملىدىكى ئورنى تۇراقسىز بولىدۇ. مەسىلەن:

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار! (مۇرەككەپ)

ھەي ئۇكام، گۇگىشىغا مۇشۇ يول بىلەن بارامدۇ؟ (مۇرەككەپ)

سىز بۇ «ئەگەردە بولسا» غىمۇ ئىشەنمەڭ، بەگ ئاكا! (مۇرەككەپ)

(«مىھراپتىن چايان» دىن)

بارىكاللا مىرزا، گەپ شۇنداق بولسۇن. (ئاددى)

(«مىھراپتىن چايان» دىن)

بەدىئىي ئەسەرلەردە، كۆپىنچە پوئېزىيىدە بەزى جانسىز نەرسىلەرنىڭ نامىمۇ قاراتما سۆز بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار تىرىك نەرسىنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەزىزانە قەشقەر، سەن مېنىڭ ئانا يۇرتۇمسەن.

كۆكلەم، بارلىق تەبىئەتكە تېزدىن جان كىرگۈز!

بەزى قاراتما سۆزلەر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆھبەتدىشىغا بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى (ئەركىلەش، ھۆرمەتلەش، خەيرخاھلىق، يېقىنلىق ۋە قېرىنداشلىق قاتارلىق مەنىلەرنى) ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

دوستۇم، تۇرمۇشنىڭ بۇ ئاددى، ئەمما ئاجايىپ خاتىرىسىنى ئەلۋەتتە قەدىرلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

قېنى، بۇرادەر، پىكرىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭا!

— سالامەت بولۇڭ، تەقسىر!

— گەپ ھېلىقىدەك، بەگ ئاكا، — دىدى ئەنۋەر، — بۇ مەسىلە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ.

(«مىھراپتىن چايان» دىن)

### 3. قىستۇرما سۆز

قىستۇرما سۆزلەر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئەھۋالىغا سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقى (قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى)نى بىلدۈرىدۇ. قىستۇرما سۆزلەر ئۆزىگە خاس تىنىش ۋە ئىنتوناتسىيە (جۈملە ئىنتوناتسىيىگە قارىغاندا

بىر ئاز تېز ۋە پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ)، يېزىقتا پەش ئارقىلىق جۈملىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

توي كۆرمىگەن كىشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئادەم كۆتۈش تەس.

(«مىھراپتىن چايان» دىن)

بەختىمىزگە يارىشا، بۇ يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

قىستۇرما ھەر خىل مەنە ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىپادىلىگەن مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئېيتىلغان ئوي - پىكىرنىڭ ئىشەنچلىك ۋە راستلىقىنى ئىپادىلەيدىغان قىستۇرما سۆزلەر: ئېھتىمال، سۆزسىز، ھەقىقەتەن، ئەتىمالىم، ئەلۋەتتە، دەرھەقىقەت، ئەسلىدە، شۈبھىسىز، چوقۇم ۋە باشقىلار. مەسىلەن:

ئىنشادىكى يېتىشسىزلىكلەرگە، ئەلۋەتتە، ئەنۋەر ئۇستازلىق قىلىدۇ.

(«مىھراپتىن چايان» دىن)

ئۇلار چوقۇم، بىرىنچىلىكنى ئالىدۇ.

ئېھتىمال، قاسىملار بۈگۈن يولغا چىققاندۇ.

راست، شۇ خىيال بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىپتىمەن.

(2) سۆزلىگۈچىنىڭ ئوي - پىكىرگە نىسبەتەن باھاسىنى ۋە باشقا قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قىستۇرما سۆزلەر: بەختىمىزگە يارىشا، مېنىڭچە، تەلىيىمىزگە، ئەجىبا، بەختكە قارشى خالاس ۋە باشقىلار. مەسىلەن:

مېنىڭچە سىز مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئوبدان بوي سۇنىدىكەنسىز.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى، خالاس.

تەلەيگە يارىشا، ئۇلارمۇ بىزنى كۆرمەي قالدى.

ئەپسۇسكى، سىزنىڭ نۇتقىڭىزنى باشتىن - ئاياق ئاڭلىيالماي قالدىم.

(3) ئالدىنقى پىكىردىن خۇلاسە چىقىرىلغانلىقىنى ياكى ئالدىنقى ئوي - پىكىر بىلەن كېيىنكى ئوي - پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان قىستۇرما سۆزلەر: شۇنداق قىلىپ، دېمەك، ئەكسىچە، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، مەسىلەن، بىر تەرەپتىن، يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، ئاخىرى، ئومۇمەن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسەن ۋە باشقىلار. مەسىلەن:

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ۋەزىيەت مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق.

دېمەك، بىز ھەممە ئىشنى ئۆز جايىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئىككى يىلدىن كېيىن داشۆگە كېلىپ ئوقۇدۇم. ئۆگىنىشتە ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، دەرستىن قالماسلىق، ئىككىنچىدىن، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئۈچىنچىدىن، ئىنتىزامغا قەتئىي رىئايە قىلىش لازىم.

(4) سۆزلىگۈچىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ئوي - پىكىرگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان قىستۇرما سۆزلەر: باشقىچە ئېيتقاندا، توغرىسىنى ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا، قىسقىسى، گەپنىڭ ئوچۇغى، ھېچبولمىغاندا، ئېيتقاندەك، ئېيتماقچى،

خەيرىيەت ۋە باشقىلار، مەسىلەن:

يىغىپ ئېيتقاندا، سىلەرنىڭ پىكرىڭلار توغرا.

قىسقىسى، ئەتىسى يولغا چىقتۇق. ئۆگۈنى يېتىپ باردۇق.

ئېيتماقچى، ھېلىقى ئىشنى قانداق قىلدىڭىز؟

قىستۇرما سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ:

(1) بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن ئاددىي قىستۇرما سۆز، مەسىلەن: ئەلۋەتتە، سۆزسىز، شۈبھىسىز، ھەقىقەتەن، ئېھتىمال، دەرۋەقە، ئەكسىچە، نەزىرىمدە، خەيرىيەت، خالاس، ئاخىرى، دېمەك، ئومۇمەن، ئاساسەن، ئېيتماقچى.....

(2) بىرنەچچە سۆزدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە قىستۇرما سۆزلەر، مەسىلەن: بەختىمىزگە يارىشا، ھېچبولمىغاندا، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىچە ئېيتقاندا، گەپنىڭ قىسقىسى، شۇنداق قىلىپ، گەپنىڭ ئۇچۇغى.....

(3) جۈملە خاراكتېرلىق قىستۇرما سۆزلەر يەنى قىستۇرما جۈملىلەر. مەسىلەن:

كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ يۇرت چوڭلىرىدىن قورقىدۇ.

بوۋاينىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش، بۇ يەرلەر بۇرۇن سازلىق ئىدى.

ئىزاھلىغۇچى بىلەن قىستۇرما سۆزلەر بىر چۈشەنچە ئەمەس. ئىزاھلىغۇچى بىلەن قىستۇرما سۆزلەر جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋى، ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى ۋە قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## 4. ئۈندەش سۆز

ئۈندەش سۆزلەر جۈملە بىلەن قاتار كېلىپ جۈملىدىكى ئوي - پىكىرگە ياندىش ھالدا ئىپادىلەنگەن ھېس - تۇيغۇنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ھەتتا بىرقانچە جۈملە بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇنىڭ بىلەن جۈملىدىكى ئۈندەش سۆزلەرنى ئايرىم جۈملە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما جەھەتتىن جۈملە تەركىپلىرىگە (ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى...) ئىگە ئەمەس، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشتا بولالمايدۇ ھەم ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ياكى پەش ئارقىلىق جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر بىر سۆز ياكى ئاجرالمايدىغان بىرىكمە شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، ئۆزى قاتار كەلگەن جۈملىگە ئىنكار، ئەجەپلىنىش، زوقلىنىش، خۇشاللىق، تەستىق قاتارلىق ھېس-تۇيغۇلارنى قوشىدۇ، نەتىجىدە جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن:

پاھ - پاھ، بۇ جاي نېمە دېگەن گۈزەل بولۇپ كەتكەن!

ئوھو، مەن ئالالمىغاننى سىز ئالالامسىز؟

پاھ، ئېتىڭمۇ ئۆزەڭگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەن....

(«مېھراپتىن چايان» دىن)

ھەببە، ئۇتەرەپتىنمۇ تەشۋىش ئاز ئىكەن.
(«مىھراپتىن چايان» دىن)

بىرياققا بېرىپ كەلگەن ئوخشايسىز - ھە!

جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر بەزىدە ئايرىم، بەزىدە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يولداشلار، سىلەر ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايسىلەر.

ھە، ئىبراھىمجان، باشقىلارنىڭ كەينىدە يۈرەمسىز، بىڭسىگىزنى كۆرسەتمەمسىز!

ئاكا، ھەقىقەتەن، سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قولاق سالماپتىمەن - ھە!

## 5 - §. ئاددى جۈملىنىڭ تۈرلىرى

يۇقۇرىدا ئاددى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن خەۋەر، سوراق، ئۈندەش، بۇيرۇق جۈملىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى ئاددى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىكى تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز، تىلىمىزدىكى ئاددى جۈملىلەرنى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، ئاددى جۈملىلەرنى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن تۈرگە بۆلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئومۇمى ئالاھىدىلىكلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاددى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ قانداق تەركىبىي قىسىمدىن تەركىپ تاپقانلىقىدۇر.

ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئىگە، خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ياكى خەۋەر قىسمىدىنلا تۈزۈلگەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئىگە ۋە خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملە، خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. ئىگە ۋە خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملە

ئىگە ۋە خەۋەر قىسمىدىن تەركىپ تاپقان ئاددى جۈملىلەردە بۇ تەركىبىي قىسىملار بەزىدە بىرلا سۆزدىن، بەزىدە سۆز بىرىكمىسىدىن تەشكىل تېپىشى مۇمكىن. ئىگىگە تەۋە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىگە قىسمىنى، خەۋەرگە تەۋە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى خەۋەر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا دەرسلىكلىرىدىكى ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلىدىغان يىغىق ئاددى جۈملىلەر ھەم ئىگىگىمۇ، خەۋەرگىمۇ تەۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بار يېيىق ئاددى جۈملىلەر ياكى بىر باش بۆلەككە تەۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بار يېيىق ئاددى جۈملىلەر ھەمدە ئىگىلىك ئاددى جۈملە قاتارلىقلار ئىگە ۋە خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملە دائىرىسىگە كىرىدۇ.

(1) ئەگەشمە بۆلەكلىرىسىز، پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلىدىغان ئاددى جۈملىلەر. بۇنداق جۈملىلەر يىغىق ئاددى جۈملە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىت ھاۋشىيدۇ، كارۋان يۈرىدۇ. (ماقال)

ئشلگەن چشلەيدۇ.    (ماقال)
بوران كۆچەيدى، كارۋان توختىدى.
(2) بر باش بۆلەككە (ئگە ياكى خەۋەرگە) تەۋە ئەگەشمە بۆلىگى بار ئاددى جۈملىلەر. مەسىلەن:
ئەنۋەر سۇپىغا چىقىپ مەنسۇرنى يەرگە قويدى.
(«مەھراپتىن چايان» دىن)
بالىلىق ئۆي — بازار، بالىسىز ئۆي—مازار.    (ماقال)
سۇ — يەرنىڭ قېنى، يەر — دىخاننىڭ جېنى.    (ماقال)
(3) ھەم ئگگە، ھەم خەۋەرگە تەۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بار يېيىق ئاددى جۈملىلەر. مەسىلەن:
خەلقنى ئالدايمەن دىگەننىڭ — ئۆزەگنى ئالدىغىنىڭ.
ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا دەرسلىكلىرىدىكى ئگىلىك ئاددى جۈملە شەخسى ئومۇملاشقان ئاددى جۈملىلەرمۇ ئگە ۋە خەۋەرلىك جۈملىلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## 2. خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملە

بەزى ئاددى جۈملىلەر خەۋەر قىسمىدىنلا تۈزۈلىدۇ. بۇنداق ئاددى جۈملىلەر مەلۇم شەيئى، ھادىسە ياكى ھەركەتنى كۆرسىتىدۇ. خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملىلەر تولۇقسىز جۈملىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەركىۋى قىسىملىرى بولىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئاددى جۈملىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
(1) ئەگەشمە بۆلەكلىرى يوق، پەقەت برلا سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەر قىسىملىق يىغىق ئاددى جۈملە. بۇنداق ئاددى جۈملىلەر ئاتاش جۈملە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملە ئىكەنلىگى ئەتراپىدىكى جۈملە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:
تاڭ سەھەر، مەيىن شامال كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.
(2) خەۋەرگە تەۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بار يېيىق ئاددى جۈملە. بۇمۇ خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملىنىڭ بىر خىلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:
دۈشمىنىڭنى سەرسان قىل، مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىل.    (ماقال)
بىر مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم.
يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس    (ماقال)
(3) شەخسى ئومۇملاشقان ياكى ئومۇملاشمىغان ئىگىسىز ئاددى جۈملىلەرمۇ خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملىلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئويلىماي سۆزلىسەڭ، ئاغرىماي ئۆلىسەن.    (ماقال)
ئاپىنى ئىتەك بىلەن يېپىپ بولماس.    (ماقال)
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانىغىلى بولمايدۇ.
(4) ئىگىسى يوشۇرۇن ئاددى جۈملىلەرمۇ خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملىلەرنىڭ

بىر خىلى ھىساپلىنىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىگىسى خەۋەر بولۇپ كەلگەن شەخسلىك پېئىللارنىڭ قوشۇمچىسى ئارقىلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق. (ماقال)

ئىلاجىسىزلىقتىن ئىككى پۈكۈلۈپ سالام بەردى.

بېيجىڭدىن قاچان قايتىپ كېلىسىز؟

ئاددى جۈملىلەر تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ تولۇق ئىپادىلەنگەن ياكى ئىپادىلەنمىگەنلىكىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

## 1. تولۇق ئاددى جۈملە

تولۇق جۈملىدە جۈملە قۇرۇلمىسىغا ئاساس بولىدىغان تەركىۋىي قىسىملار تولۇق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىگە ۋە خەۋەر قىسىملىق ھەم خەۋەر قىسىملىق ئاددى جۈملىلەر تولۇق ئاددى جۈملە دائىرىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا جۈملە قۇرۇلمىسىغا زۆرۈر بولغان تەركىۋىي قىسىملار تولۇق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ. (ماقال)

كوممۇنىستلار مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى ھەممە يەردە قوللايدۇ.

(«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دىن)

ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا دەرسلىكلىرىدىكى يىغىق ۋە يېيىق ئاددى جۈملىلەر، ئىگىلىك ۋە ئىگىسىز ئاددى جۈملىلەر تولۇق ئاددى جۈملە دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## 2. تولۇقسىز ئاددى جۈملە

تولۇقسىز ئاددى جۈملىلەردە نورمال جۈملە قۇرۇلمىسىغا زۆرۈر بولغان بىر ياكى بىرقانچە بۆلەك چۈشۈپ قالغان (تولۇق ئىپادىلەنمىگەن) بولىدۇ، بۇ نورمال سىنتاكسىسلىق ھادىسە ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق جۈملىلەردە قانداق بۆلەكنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى ئالدى - كەينىدىكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بەزى تولۇقسىز جۈملىلەردە چۈشۈپ قالغان بۆلەكنى قوشۇش (تولۇقلاش) نىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. مەسىلەن:

يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن.

تولۇقسىز ئاددى جۈملىلەر جانلىق تىلدا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئۇ نۇقتا پىكىرنى ئىخچام ئىپادىلەشكە ئىمكان بېرىدۇ.

تولۇقسىز ئاددى جۈملىلەردە چۈشۈپ قالغان بۆلەك ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرىدە ئىگە، بەزىلىرىدە خەۋەر، بەزىلىرىدە ئەگەشمە بۆلەكلەر چۈشۈپ قالىدۇ.

## 6 - §. ئاددى جۈملىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

ئاددى جۈملىنىڭ قانداق بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم ئۇسۇل بويىچە جۈملىنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جۈملىنى تەھلىل قىلىشتا ئاساسەن، ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلماقتا.

## 1. قاتلامسىز تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

بۇ «كونكرېت تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا، جۈملە تەركىۋىدىكى ھەر بىر سۆز بىر سىنتاكسىسلىق بىرلىك ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكى (قانداق بۆلەك ئىكەنلىكى) ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بولۇپ، ھازىرغا قەدەر گىرامماتىكا ئوقۇتۇشىدا كەڭ قوللىنىلماقتا. بۇ ئۇسۇل سۆز بىلەن جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېنىقلاشقا ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنى كونكرېت تونۇشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئالماس دادىسىنىڭ بىلىگىدىن تۇتقان ھالدا غەزەپلىنىپ ئورنىدا توختىدى.

توختاخۇن بۇ قانىنىڭ بېقىنىغا تەككەن چۆيۈن مۇشت زەربىسىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى.

(«كۆرەشچان يىللار» دىن)

بۇ ئۇسۇل بويىچە جۈملىنى تەھلىل قىلىشتا سۆز بىردىن-بىر بىرلىك قىلىنغاچقا، سۆز بىرىكمىلىرى پارچىلاپ تاشلىنىدۇ. نەتىجىدە سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلما تەركىۋى بىلەن جۈملىنىڭ قۇرۇلما تەركىۋى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ، بەزى جۈملىلەر (ئىككى خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر)نىڭ زادى قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ئېنىق بولمايدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن يوقالغان كىتاپ تېپىلدى.

دېگەن جۈملىنى يۇقۇرقى ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلغاندا، «تۈنۈگۈن» دېگەن ھالەت يوقالغان دېگەن ئېنىقلىغۇچى بىلەن «تېپىلدى» دېگەن خەۋەرگە ئوخشاشلا باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جۈملىنىڭ «كىتاپ تۈنۈگۈن» يوقالغان ۋە «تېپىلغان» ياكى يوقىلىپ كەتكەن كىتاپ تۈنۈگۈنكى كۈندىلا تېپىلغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئېنىق بولمايدۇ. نەتىجىدە بۇ ئۇسۇل جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى ئېنىق چۈشىنىشكە ياردەم بېرەلمەيدۇ.

## 2. قاتلاملىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇل «بىۋاستە تەركىپلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلغاندا، جۈملە ۋە ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرغان قۇرۇلمىلارنىڭ بىۋاستە تەركىپلىرى قاتلاممۇ-قاتلام ئايدىڭلىشىدۇ. قۇرۇلما تىلشۇناسلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى مۇشۇ ئۇسۇلنى كۆپرەك قوللىنىدۇ، جۈملىنى تاكى مەنىلىك بۆلەكلەرگىچە (مورفېمىلارغىچە) ئانالىز قىلىدۇ. بۇنىڭدا جۈملە قاتلاملىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. تۆۋەندە جۈملىنىڭ قاتلاملىق تەركىپلىرى ئىككى بېشى قايرىلغان تۈز سىزىق (⎵) ئارقىلىق، ئۇنىڭ قانداق بۆلەكلىكى ھەرقايسى بۆلەككە خاس سىزىق ئارقىلىق كۆرسىتىلدى:

ئاسمىنىڭ خىياللىرى بىردىن بۆلۈنۈپ تاشلاندى.

كۈن كوئىيىلۈن ئۈستىگە ئىگىلگەن پەيت ئىدى.

(«كۈرەشچان يىللار»دىن)

بۇ ئۇسۇلدا ئىككى خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى بالىكىنلۇق ئۆي بار. ئىككى بالىكىنلۇق ئۆي بار.

بۇ، ئىككى بالىكىنلۇق ئۆيدىن بىر بار دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، بالىكىنلۇق ئۆيدىن ئىككىسى بار دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

ئۇيغۇر تىلى — مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە باي تىللارنىڭ بىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ئورۇن تەرتىۋى ۋاستە قىلىنغان ياندىشىش يولى بىلەن ئۆزئارا باغلانغاندىن باشقا، قوشۇمچىلار ۋاستە قىلىنغان كېلىشىش ۋە باشقۇرۇش يولى بىلەن كۆپرەك باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل يول بىلەن باغلانغان بۆلەكلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى بىرقەدەر تۇراقسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاتلاملىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئورنى ئۆزگەرگەن بۆلەكلىك جۈملىلەرنى ئانالىز قىلىشقا باپ كەلمەي قالمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئۇسۇل بىلەن بىرنەچچە مىلەردىن تۈزۈلگەن تەڭداش بۆلەكلىك جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن:

قېرىنداشلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئۈمىت، غايەت زور ئىشەنچ بىلەن تولغان ئۆتكۈر نۇر يالتىراپ كۆرۈندى.

(«كۈرەشچان يىللار» دىن)

بۇنداق جۈملىلەرنى قاتلاملىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەھلىل قىلغاندا، جۈملىدە خەۋەر قىسمىغا تەۋە بۆلەك ئىگە قىسمىنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىگى ۋە ئىگە قىسمىنىڭ تەركىۋىدە ئىككى تەڭداش بۆلەك بولغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇ ئۇسۇلدا جۈملە قۇرۇلمىسىنى تارمىقلارغىچە پارچىلاش تەشەببۇس قىلىنغاچقا ۋە مۇقۇل هالدا قاتلامغىلا ئېتىۋار بېرىلگەچكە، سۆزلەر بىلەن بىۋاستە تەركىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش قىيىن بولىدۇ. نەتىجىدە هەر خىل قۇرۇلمىلارنىڭ خاراكتىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ.

مەيلى قاتلاملىق تەھلىل ياكى قاتلامسىز تەھلىل بولسۇن، هەرقايسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىغى ۋە كەمچىلىگى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ: بىرىنچى. يۇقۇرىدىكى ئۇسۇلنىڭ هەر ئىككىسىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، هالەت دىگەن ئاتالغۇلار ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ، لېكىن مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. قاتلامسىز تەھلىلدە بۇ بەش بۆلەكنىڭ ھەممىسى جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى (بىۋاستە تەركىپلىرى) دەپ قارىلىدۇ، قاتلاملىق تەھلىلدە بولسا، بۇلارنىڭ هەممىسى جۈملىنىڭ بىۋاستە تەركىپلىرى (بىۋاستە

بۆلەكلىرى) ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن خەۋەرلا جۈملىنىڭ بىۋاستە تەركىپلىرى، قالغان بۆلەكلەر (تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت) مۇشۇ بىۋاستە تەركىپلەرنىڭ تەركىپلىرى دەپ قارىلىدۇ. ئىككىنچى، قاتلامسىز تەھلىلدە پەقەت سۆزنىڭلا جۈملە بۆلىكى بولالايدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملە بۆلىكى بولالايدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، شۇڭا جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا، سۆز بىرىكمىلىرى پارچىلىۋېتىلىدۇ، نەتىجىدە ھەممە سۆزلەر بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تۇرغۇزۇلۇپ قويۇلىدۇ. قاتلاملىق تەھلىلدە بولسا، قۇرۇلما قاتلاملىرىغا زور ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىلىرى (ھەرقايسى قاتلاملار) نىڭ تەركىۋى ياكى بۆلەكلىرى بولالايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

شۇڭا بۇ ئۇسۇللارنى ئايرىم-ئايرىم قوللانغاندا تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىلىق (سىنتاكسىسلىق) قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگىلى، قانائەتلىنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەندىلا، جۈملىنى ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، بۇ بىرلەشمە ئۇسۇل تۆۋەندىكىدەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، بىرلەشمە ئۇسۇل بىلەن قىلىنغان سىنتاكسىسلىق تەھلىل ھەم جۈملىنى تەھلىل قىلىشنى، ھەم سۆز بىرىكمىسىنى تەھلىل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ ھەر ئىككىسى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما دەپ قارىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بىۋاستە تەركىپلەردىن تۈزۈلىدىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئىككىنچى، بىرلەشمە ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلغاندا، ئالدى بىلەن، جۈملىنىڭ تەركىۋىي قىسمى (بۆلىكى)، ئاندىن سۆز بىرىكمىسى (جۈملە بۆلىكى) نىڭ تەركىۋى بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋى ئايرىلىشىپ كەتمەيدۇ، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رولى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بىرلەشمە ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلغاندا، ھەرقايسى قۇرۇلما تەركىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە قاتلاملىق مۇناسىۋەت ھەم ئۇلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىپادىسى ئېنىق بولىدۇ، نەتىجىدە گىراماتىكىلىق باغلىنىشنىڭ ئېنىقلىنىشى بىلەن ھەرقايسى تەركىپلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە قاتلاملىق مۇناسىۋىتى ئايدىڭلىشىدۇ.

جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا يەنە تۆۋەندىكىلەرگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك:

ئالدى بىلەن، جۈملىنىڭ بىر سۆزدىن ياكى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاش لازىم. ئاندىن جۈملە بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىگە-خەۋەر قىسىملىق جۈملە (ئىگىسى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ياكى خەۋەر قىسىملىق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر جۈملە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئالدى بىلەن سۆز بىرىكمىلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش كېرەك. ئەگەر سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىچىدە كىچىك سۆز بىرىكمىلىرى بولسا، چوڭدىن-كىچىكىگە قاراپ تاكى سۆزگىچە قاتلاممۇ-قاتلام تەھلىل قىلىش لازىم.

مەيلى جۈملە بۆلەكلىرىنى تەھلىل قىلغاندا بولسۇن، ياكى جۈملىدىكى سۆز ۋە بۆلەكلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلغاندا بولسۇن، تىپىكلىك سوئاللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىش كېرەك.

## 7 - §. قوشما جۈملە

مەنە، قۇرۇلما ۋە ئىنتونواتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملەلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە قوشما جۈملە دېيىلىدۇ. قوشما جۈملە مەنە ۋە ئىنتونواتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەڭ چوڭ تىل بىرلىگى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملەلەر تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بىرىكىدۇ ۋە ئۇلار بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر بىرىگە باغلىنىدىغان قىسىملارغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزەمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن. (ماقال)

بىر ئادەم خاتالىقتىن قول ئۈزۈپ ئويغىنىدىكەن، ئۇ يېڭى بىر كۈچ بىلەن ھەققەتكە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ. (گېيوتى)

سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار، كۆرسەتكەن ناھايىتى چوڭ خىزمىتىڭلار بار، لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى، مەغرۇرلىنىشقا زادى بولمايدۇ.

يۇقۇرقى قوشما جۈملەلەر مەيلى قانچە ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلسۇن، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر بىرتۇتاش ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ، يەنى ئاخىرقى تارماق جۈملە ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پەس ئىنتوناتسىيىدە، باشقا تارماق جۈملەلەر ئاياقلاشمىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان كۆتىرەڭگۈ ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا بولسا، ئالدىنقى تارماق جۈملەلەردىن كېيىن پەش (،) ياكى چېكىتلىك پەش (؛) قويۇلسا، ئاخىرقى تارماق جۈملىدىن كېيىن چېكىت (.)، ئۈندەش بەلگىسى (!) ياكى سوراق بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ.

ئاددى جۈملەلەرنىڭ ھەر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشتا كېلىپ قوشما جۈملە ھاسىل قىلىشىدا تۆۋەندىكى سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىرىنچى، باغلىغۇچىلار. باغلىغۇچىلار ۋە يۈكلىمىلەر ئاددى جۈملەلەرنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ ھەر خىل مەزمۇندىكى قوشما جۈملەلەرنى شەكىللەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ۋاستە بولۇپ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

گەرچە قۇش ئۇچۇۋاتقىنىدا ئۇنى كۆرگىلى بولسىمۇ، لېكىن قانىتىنىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولمايدۇ. (م. گوركىي)

مۇرات قەتئى قارارغا كەلگەندەك ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن ئېزىۋەتتى.

بىز شۇنىڭغا نارازى بولدۇقكى، ئۇلار بىزنى ناھايىتى سوغاق مۇئامىلىدە كۈتۈۋالدى.

ئىككىنچى، قوشۇمچىلار. بىر قىسىم قوشۇمچىلار ئاددى جۈملەلەرنى ئۆزئارا باغلاپ قوشما جۈملە ھاسىل قىلىشتا سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولۇپ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

يامان ئادەتلەرگە رەددىيە بەرمەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز.

ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىلارنى شىر چاغلا. (ماقال)

ئۈچىنچى، ئىنتوناتسىيە. ئىنتوناتسىيمۇ ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ قوشما جۈملە ھاسىل قىلىشتا سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئالدىنقى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىر ئاز كۆتىرەڭگۈ (ئاياقلاشمىغان) ئىنتوناتسىيە بىلەن، ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ پەس (ئاياقلاشقان) ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشى قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشتە، ھەتتا قوشما جۈملىنىڭ قانداق خاراكتىر ۋە قانداق مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ خىل ئىنتوناتسىيە يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئورۇن تەرتىپ. قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋىمۇ ئۇلارنى ئۆزئارا باغلاپ قوشما جۈملە ھاسىل قىلىشتا بىر خىل سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن تالاغا چىقتىم ۋە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتىم، يىراق يەردە ئىككى هارۋا كېلىۋاتىدۇ، دىگەن قوشما جۈملىنىڭ ئۈچىنچى تارماق جۈملىسى مۇشۇ ئورۇن تەرتىۋى بىلەن ئىككىنچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ كەلگەن، شۇڭا بۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، ئۆزئارا ھېچقانداق باغلىنىش يوق، يەككە-يەككە ئاددىي جۈملە بولۇپ قالىدۇ. باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى بۇخىل قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى تۇراقلىق بولىدۇ، بۇخىل تۇراقلىق ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكىگە باغلىق.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن قوشما جۈملىلەرنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ-خىل، لېكىن ئۇلار قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتە ياكى مەلۇم سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا تىلىمىزدىكى قوشما جۈملىلەرنى تۈرگە بۆلۈشتە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خاراكتىرلىق خۇسۇسىيەتلىرى نەزەردە تۇتۇلۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەرنى تۈرگە بۆلۈشتە ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە قانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكى (تارماق جۈملىلەرنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ياكى قالمىغانلىقى)، ئۇلارنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق ۋاستە ئارقىلىق باغلانغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىشى لازىم، چۈنكى قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالسا، بەزىلىرى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بەزى قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلسە، بەزى قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ، ئەمدى يەنە بەزى قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر ھەم بېقىندىلىق، ھەم تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا تىلىمىزدىكى قوشما جۈملىلەرنى تۈرگە بۆلۈشتە مانا مۇشۇنداق بىرلا ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتنى (تارماق جۈملىلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى) ئۆلچەم قىلىش لازىم. بۇ خىل ئۆلچەم پۈتۈن قوشما جۈملىگە ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئورتاق ئۆلچەم بولۇپ، قوشما جۈملە

تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا پەرقى ئېنىق بولىدۇ، ئۆلچەم قوشما جۈملىنىڭ مەلۇم تەركىۋى قىسمىغا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قوشما جۈملىگە قارىتىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر تۈرنىڭ ئۆزئارا پەرقى نامىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقۇرقى ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەرنى تەڭداش قوشما جۈملە، بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. تەڭداش قوشما جۈملە

مەزمۇنى بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاددى جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) تەڭداش قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر مەزمۇن ۋە گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش (قۇرۇلما) جەھەتتە تەڭ ھوقۇقلۇق بولىدۇ.

(2) تەڭداش قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر ئېغىزدا بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

(3) تەڭداش قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق! جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىگە خاس گىراماتىكىلىق ئامىللار (خەۋەرلىك قوشۇمچە ۋە سۆزلەر) بەزىدە ھەر بىر ئاددى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئۇلىنىشى، بەزىدە ھەممىگە ئورتاق ھالدا ئاخىرقى ئاددى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاڭ ماددى دۇنيانىڭ ئۇزاق مۇددەت تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر، ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت يۈكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشقان ماددى ئەزانىڭ خىزمىتىدۇر، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى ئەمەلىيەت جەريانىدا رېياللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر.

وسىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق بولغاندا ئاداۋەت تۇتماسلىقى، بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرۇشى، يىراقتا بولسا خەت يېزىپ تۇرۇشى لازىم.

تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق ۋاستە ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ، باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ۋە باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش قوشما جۈملە باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە تۈرلۈك باغلىغۇچىلار (بىرىكتۈرگۈچى، قارىمۇ - قارشى، سەۋەپ - نەتىجە، تاللىما ۋە كۈچەيتمە باغلىغۇچىلىرى) سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولىدۇ. مەسىلەن:

دەل - دەرەخلەر سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى تاشلىماقتا ۋە ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇماقتا.

كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى توپلىدۇق، بىراق بۇ، دېگىنىمىز ئىبارەت بولغان خەلق ئىجادىيىتىنىڭ بىر تامچىسى، خالاس.

بېيجىڭدا ئىچىلىدىغان يىغىنغا يامەن بارىمەن، ياكى ئەختەم بارىدۇ، ياكى بولمىسا سۇلايمان بارىدۇ.

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر باغلىغۇچىلار سىز (ئورۇن تەرتىۋى ۋە ئىنتوناتسىيە ھەم تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق) باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش قوشما جۈملە باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتە ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

ئېقىلسىزنىڭ ئىپى يوق، تىكىشىغۇدەك گېپى يوق.
(ماقال)

ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان، ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ. (ماقال)

كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس، كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن بولماس.
(ماقال)

مەيلى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە بولسۇن ياكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە بولسۇن، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتە بىر بىرىگە يېقىن بولىدۇ. شۇڭا تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ شەكىللىنىشىدە تارماق جۈملىلەرنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2. بېقىندىلىق قوشما جۈملە

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەڭداش قوشما جۈملىلەرگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولىدۇ. چۈنكى تەڭداش قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر ئاددى مەنىۋى مۇناسىۋەت ئاساسىدا بىرىكىپ كەلسە، بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر مەنە ۋە شەكىل جەھەتتە بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كېلىدۇ. بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ بەزىسى تۈزۈلۈش جەھەتتە (خەۋەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە) مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالسا، بەزىسى ساقلاپ قالالمايدۇ، لېكىن ئاددى جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ جۈملە بۆلىكى بولۇپ قالمايدۇ.

(2) بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر تۈرلۈك قوشۇمچە ۋە يۈكلىمىلەر ھەم باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

(3) بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر ئۆزئارا بېقىنىش ۋە

بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيىسى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە قارىغاندا ئېخىمۇ بىر تۇتاشلىقتا ئىگە بولىدۇ.

ئومۇمەن، بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئىككى تەركىپتىن تۈزۈلىدۇ، يەنى ھەرقانداق بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملە بولىدۇ. بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە ئەگەشتۈرگۈچى ۋە تەشكىللىگۈچى بولۇپ رول ئوينايدۇ. بېقىندى تارماق جۈملە بولسا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە مۇستەقىللىقنى يىقىتىپ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنى تولۇقلاش، ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇشتىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەم بېقىندى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستىغا قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) مورفولوگىيىلىك قوشۇمچە ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق قوشما جۈملە. بۇنداق بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى تارماق جۈملىسى ئالدىدا، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى ئاخىرىدا كېلىدۇ. تۈزۈلۈش شەكلىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلىپتۇ. (ماقال)

ئەگەر خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا ماھىر بولمىساق، پارتىيە سىرتىدىكى خادىملار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولمىساق، خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز.

بىر ئوبدان ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇ بىردىنلا توختاپ قېلىپ، بۇغدايلىق تولۇق سۇغىرىلماي قالدى.

ئىنقىلاپ قىلىش كېرەك ئىكەن، بىر ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولۇشى لازىم.

ئۇ بۇ يەرگە كەلمەي، بىز بارمايمىز.

2) «كى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق قوشما جۈملە. بۇنداق بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە قوشما جۈملىنىڭ بېشىدا، بېقىندى تارماق جۈملە قوشما جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. بېقىندى تارماق جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاياقلاشقان شەكىلدە بولىدۇ، بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋەت مەزمۇن جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بېقىندى تارماق جۈملە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە باغلىنىپ كېلىپ، ئۇنى ئېنىقلاش، تولۇقلاش ۋە ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بىزگە شۇ نەرسە ئايانكى، دۈشمەن ھەرگىز ئۆزلۈگىدىن تەسلىم بولمايدۇ.

بىز شۇنىڭدىن نارازى بولدۇقكى، ئۇلار بىزنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدۇ.

بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، ئۈچار قاناتلارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ.

3) ھەم قوشۇمچە، ھەم باغلىغۇچى ۋە يۈكلىمىلەر ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق قوشما جۈملە. بۇنداق بېقىندىلىق قوشما جۈملىدىمۇ بېقىندى تارماق جۈملە ئالدىدا، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە ئاخىرىدا كېلىدۇ. بېقىندى تارماق جۈملىسى ئاياقلاش-مىغان شەكىلدە بولىدۇ. تۈزۈلۈش شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈن مەن بىلەن بىللە بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!

ئالدىراپ-تېنەپ توي قىلىۋەتكەن بولسامىزە، ئۆمۈر بويى كۆڭۈلسىزلىكتە قالىدىكەنمەن.

جىن چىراق گۈڭگا نۇر بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دەستىگاھقا يېيىلىپ تۇرغان رەڭدار گىلەم ئەرزىمەس چىراق نۇرىنى زاڭلىق قىلغاندەك، ئوتقاشتەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك يالتىراپ تۇراتتى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن كېڭەيگەن بۆلەكلىك ياكى بىرىكمە بۆلەكلىك ئاددى جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاي-دىغان مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلار بىلەن كېڭەيگەن بۆلەك ۋە بىرىكمە بۆلەكلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇلار ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بېقىن-دىلىق قوشما جۈملە بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى تارماق جۈملىلەر چوقۇم بايانىي مۇناسىۋەت ئىپادىلىگەن ئاددى جۈملە بولۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ قوشما جۈملە بولالمايدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى جۈملىنى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېيىشكە بولمايدۇ.

بىر ئۆزىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، باشقىلارنى كۆزدە تۇتمايدىغان تار مەھكىمىچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم (بۇ بىرىكمە بۆلەكلىك ئاددى جۈملە).

ئەنە شۇنداق سان-ساناقسىز مەسىلىلەر تۇرغان يەردە، نىمىشقا كوممۇنىزىمنى كۆرۈپلا، ئۇنى «يىغىشتۇرۇپ قويۇش لازىم» دەپ چۇقان سېلىشىدۇ (بۇ كېڭەيگەن بۆلەكلىك ئاددى جۈملە).

### 3. ئارىلاش قوشما جۈملە

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە ئارىلاش قوشما جۈملە دېيىلىدۇ.

ئارىلاش قوشما جۈملىلەرنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ بىر تۈرى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى تارماق جۈملىلەر ئايالاشقان شەكىلدە، بەزى تارماق جۈملىلەر ئايالاشمىغان شەكىلدە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئارىلاش قوشما جۈملە كەم دېگەندە ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بېقىندىلىق قوشما جۈملىگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەكىلدىن ئىبارەت:

1) بىر بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ بىرقانچە تەڭداش بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە ئورتاق باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش قوشما جۈملە. بۇ خىل قوشما جۈملىدە كەم دېگەندە ئۈچ ئاددىي جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

قاسىم دەرسكە شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن دەرسنى ئىگىلىشى ياخشى بولمىدى، ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ تۆۋەن بولۇپ قالدى.

ياز پەسلى يېتىپ كەلسە، ھاۋا ئىسسىپ كېتىدۇ، زىرائەتلەر تېز ئۆسىدۇ.

2) ئۆزىگە خاس بېقىندى تارماق جۈملىسى بار بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش قوشما جۈملە. بۇ خىل قوشما جۈملىدە كەم دېگەندە تۆت ئاددىي جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن؛
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

مىڭ ئەرساغا دوست بولسا، ئۇنى كۆپ كۆرمە؛
بىر ئەر ساغا دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز دېمە. (ماقال)

3) بېقىندى تارماق جۈملىسى بار بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ بېقىندى تارماق جۈملىسى يوق بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش قوشما جۈملە. بۇ خىل قوشما جۈملىمۇ كەم دېگەندە ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بىرەر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولىۋاتقان يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى باشقا ئادەمنىڭ بايقىۋېلىشى قىيىن، ئاردا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، ئادەمدىكى بۇ خىل قىياپەت ۋە ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ.

مېنىڭ چوڭ دادام ئاقسۇدىن چىققان شائىر موللا شاكىر بىلەن ئاغىنە بولۇپ

ئۆتكەن مەرىپەتلىك ئادەم ئىكەن، ئەمما ئاتام بولسا بايلىقلا ھەرىس، خەلققە كۆيۈمسىز كىشى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ پۇلى ۋە مەنسۇپى ۋاپا قىلماي، ئاخىرى خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

ئېيتىلىشتا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېيىلسىمۇ، نەتىجىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، مەدەنىيەت ئۈچۈن مەدەنىيەت بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەدەنىيەت يوقىلىدۇ. (جۇ ئېنلەي)

**تەكرارلاش سوئاللىرى ۋە كۆنۈكمە**

1. جۈملە دېگەن نىمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟
2. قانداق جۈملە خەۋەر جۈملە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
3. قانداق جۈملە سوراق جۈملە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
4. قانداق جۈملە ئۈندەش جۈملە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
5. قانداق جۈملە بۇيرۇق جۈملە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
6. سىنتاكسىسلىق باغلىنىش دېگەن نىمە؟ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسى تەركىۋىدە سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى قانچە خىل بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟
7. جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسى تەركىۋىدە سۆزلەر قانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ؟
8. سىنتاكسىسلىق يول دېگەن نىمە؟
9. جۈملىدە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى قانداق سىنتاكسىسلىق يول بىلەن باغلىنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟ ھەر بىرىگە بىردىن مىسال كەلتۈرۈپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.
10. ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر قايسىلار؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
11. ئاددى جۈملە دېگەن نىمە؟ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى نىمىدىن ئىبارەت؟
12. ئاددى جۈملە نىمىنى ئۆلچەم قىلىپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەر بىر تۈرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
13. تۆۋەندىكى ئاددى جۈملىلەرنى بىرلەشمە ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىپ، قاتلام ۋە بۆلەكلەرنى ئاستىغا تېگىشلىك سىزىقلىرىنى سىزىش ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىڭلار.

دوستلۇقنىڭ تاشقى قاتلىمىدىن ئىچكى قاتلىمى گۈزەل بولۇشى كېرەك.

قەلەم ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچىسى تۈگىگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ قان - تەرى بىلەن ئۇلۇغۋار پىلانلارنى يازىدۇ.

جەدۋەل خالىسانە يول باشلىغۇچى بولۇپ، سىزگە ھەممە ئادەم بىلىدىغان توپ - توز يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

14. قوشما جۈملە دېگەن نىمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگى نىمىلەردىن ئىبارەت؟
15. قوشما جۈملە نىمىنى ئۆلچەم قىلىپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەر بىر

تۇرىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

16. تۆۋەندىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ قانداق قوشما جۈملە ئىكەنلىكىنى ۋە قانچە ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

قەلەم سۇنسا، يېڭىسىنى سېتىۋېلىش مۇمكىن؛ لېكىن دوستلۇق بۇزۇلسا، ئۇنى ھەر-قانچە زور چىقىم تارتسىمۇ، سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگۈسى سايىنى تالىشۇر.
يامشى بىلەن يولداش بولساڭ، خويمۇ يارىشۇر.

ھەقىقى دوستلۇق خىيانەتتىن يىراق تۇرىدۇ، چىن دوستلۇق ھەقىقەت بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈكتۇر.

مۇھەببەتنىڭ يۇمران بىخلىرىنى ئەڭ سۆزۈك، ئەڭ سادىق، ئەڭ سەمىمى ھېسسىيات بۇلىقىڭىزنىڭ سۈيى بىلەن سۇغارسىڭىز، ئاندىن مۇھەببەتنىڭ ئەڭ شېرىن مېۋىلىرىگە ئېرىشىز تېگەلەيسىز.